بسم الله الرحمن الرحيم



﴿ أَلَمْ يَعْلَم بِأَنَّ اللَّـهَ يَرَىٰ ﴾

﴿ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟﴾

(96 ـ سۈرە / ئەلەق 14 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى
## 2014 ـ يىللىق 9 ـ سان (ئومۇمىي 9 ـ سان)

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولا ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**بەت ياسىغۇچى:** ئابدۇللا مەتتۇرسۇن

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۇھتەرەم شېرىپ دامولا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولا ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولا ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولا ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولا ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولا ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم دامولا ھاجى، نەسىردىن دامولا ھاجى، ئابدۇرەئۇف دامولا ھاجى، مەسئۇد دامولا ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولا، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولا، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولا، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولا، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولا، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولا، ئوسمان ساۋۇت دامولا، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش ــ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى؛ ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيەتى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ۋە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز سېنتەبىر ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
2014-يىلى 1-سېنتەبىر

# مۇندەرىجە

## ۋەز ـ تەبلىغلەر


ھەج شەرتلىك پەرزدۇر.......................................1

مۇسۇلمانلار چوقۇم «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە ئەگىشىشى كېرەك .............. 12

ئىسلام دىنىدىكى جەننەت توغرىسىدا ........................... 25

ئىسلام دىنى بىزدىن ئۇتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.................. 35


## ئۆگىنىش گۈلزارى


«قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىشنىڭ ئاساسلىرى ........................ 42

ئىسلام دىنى ۋە تەرەققىيات توغرىسىدا.............................. 48

ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىملىرىدىن ئۆرنەكلەر ...................... 59


## پايدىلىنىشلىق


ئەرەب تىلىدىكى بەزى گىرامماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ

تەرجىمىسى.................................................. 75

ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ 9 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى.......................... 92

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ مەنزىرىسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ كاتەكچىسىمان يول قورۇلۇشى

# ھەج شەرتلىك پەرزدۇر

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ للهِ الَّذِي جَعَلَ الْحَجَّ إِلَى بَيْتِهِ الْحَرَامِ أَحَدَ أَرْكَانِ الْإِسْلاَمِ وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ أَمَرَ نَبِيَّهُ إِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ الصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ بِالنِّدَاءِ [وَأَذِّنْ فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ] وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ اللّٰهِ خَيْرُ مَنْ لَبَى وَطَافَ وَمَشَى بَيْنَ الْحَطِيمِ وَزَمْزَمَ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَآله وَصَحْبِهِ وَسَلَّمَ تَسْلِيماً كَثِيراً .

أَمَّا بَعْدُ:

ھەج سۆزى لۇغەت مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا: «ئۇلۇغ بىر جايغا ئىنتىلىپ شۇ جاينى زىيارەت قىلىشنى نىشانلاش» دېگەن مەنىدە، دىنىي ئاتالغۇ جەھەتتىن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ۋە ئىرادە ـ نىيەتلەر بىلەن مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە مەككە ـ مۇكەررەمەگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن يوسۇندا كەبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا ـ مەرۋىدە سەئيە قىلىش، ئەرەفاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفىدە تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھەج ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرىزنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، مىلادى 626 ـ يىلى (ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى 12 ـ ئايدا) پەرز قىلىنغان. مىلادىيە 632 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەگە 100 مىڭ كىشىلىك ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىپ ھەج قىلغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھەج بولۇپ، بۇ ھەج ئىسلام تارىخىدا «ۋىدالىشىش ھەجى» (حَجَّةُ الوِدَاعِ) دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ قېتىملىق ھەج پائالىيىتىدە ھەجنىڭ ئومۇمىي پائالىيەت تەرتىپىنى ئۆزى بىۋاستە بېجىرىپ مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ھەج قىلىشنىڭ ئۆلچەملىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ھەمدە ئۇلارغا يوليورۇق بېرىپ «خُذُوا عَنِّيْ مَنَاسِكَكُمْ» **"سىلەر ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى مەندىن**

**ئۆگىنىۋېلىڭلار.“** دېگەن. (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىسلام شەرىئىتىدە ھەج قىلىش ھۆر، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، ھەج قىلىشقا قادىر بولالىغان كىشىلەرگە پەرز بولۇپ، ھەج قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە ۋە يۇرتتا قالغان بالا ـ چاقىلىرىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادى بولۇشى، تېنى ساق، يول خاتىرجەم بولۇشى ۋە قەرزدار بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

شەرتى توشقان مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز دەپ بەلگىلەنگەن. ھەجنىڭ پەرزلىكى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىك پەرز ئىكەنلىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلِلَّـهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا ﴾

**﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 97 ـ ئايەت)**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

[قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ خَطَبَنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: "يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ اللهَ قَدْ فَرَضَ عَلَيْكُمُ الْحَجَّ فَحَجُّوا"] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى خالايىقلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى، شۇڭا سىلەر ھەج قىلىڭلار.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ھەج ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ ئىبادەتنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە پەزىلىتى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە ناھايىتى كۆپلىگەن دەلىللەر ئارقىلىق تەكىتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَتِمُّوا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ لِلّٰهِ﴾

**﴿ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنداڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 196 ـ ئايەت)**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» نىڭ يۇقىرىقى مەنىسىنى يەنىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

[قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : مَنْ حَجَّ لِلّٰهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ مِنْ ذُنُوبِهِ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەج قىلىپ، سەت گەپ قىلمىسا، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندەك گۇناھىدىن پاك بولۇپ قايتىدۇ.›› (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[اَلْعُمْرَةُ إِلَى الْعُمْرَةِ كَفَّارَةٌ لِمَا بَيْنَهُمَا، وَالْحَجُّ الْمَبْرُورُ لَيْسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلاَّ الْجَنَّةَ.] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**‹‹بىر قېتىملىق ئۆمرە يەنە بىر قېتىملىق ئۆمرىگىچە گۇناھلارغا كاپارەتتۇر. مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر.›› (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

بۇ بايانلار ھەج پەرزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئەمەل ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ بەندىچىلىك بۇرچىمىزنى ياخشى ئادا قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولۇشىمىز ئۈچۈن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بىز بەندىلەرگە پۇرسەتنى تولىمۇ كەڭ ئاتا قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ھەج قىلىپ كەلگەن ياكى ھەج قىلىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىكتىن ياكى بىلىشنى خالىماسلىقتىن يېرىم ياتا چۈشۈنۈپ، ھەر خىل خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، ھەجنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خاتا قاراش **‹‹كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەج قىلىپ، سەت گەپ قىلمىسا، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتىدۇ. مەقبۇل ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر.››** دېگەن ھەدىسنى خاتا چۈشۈنۈپلىشتىن كەلگەن بولۇپ، نەتىجىدە بىر قىسىم ئادەملەر ھازىر ياشلىقىمىزدا قىلىدىغاننى قىلىۋالايمەنمۇ، ھالال ـ ھارام دەپ ئولتۇرسا پۇلنى جىق تاپقىلى بولامتى، قېرىغاندا ھەج قىلىپ كەلسەم گۇناھىم كەچۈرۈلمەكەنغۇ دېسە، يەنە بەزىلەر پات ـ پات ھەجگە بېرىپ تۇرسام قىلغان گۇناھىم مەغپىرەت بولىدىغان تۇرسا، تېخى ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىدىغان تۇرسام ئۈنچىلىك قىلىۋاتقان ئىشلىرىم نېمىتى، دەپ قىلغان گۇناھىنى كۆزگە ئىلماي،

گۇناھقا سەل قارىشىدۇ، ئۇنداق كىشىلەر باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، ھەتتا زەھەر سودىسى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇلار پۇل ـ مالغا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنۇپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، خاتا ھالدا پۇل بولسا جەننەتنىمۇ سېتىپ ئالغىلى بولىدىكەنغۇ دەپ قارىشىدۇ. ۋەھالەنكى بىز يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئازراق سەگەكلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىدىغان، ھەج ۋە ئۇنىڭ مەقبۇل بولۇشى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى بايانلارغا ئەستايىدىل قۇلاق سالىدىغان بولساق ئىشىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، جەننەتنىڭ ئۇنچىلىك ئاسانلا كىرىپ قالىدىغان جاي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ھەدىستىكى **"مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر"** دېگەن جۈملىدىكى «مەقبۇل» دېگەن سۆزنى چۈرىدىگەن ھالدا قانداق ھەجنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ باقايلى:

ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىدە بىر تولۇق تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىچە تەييارلىقلارنى كۆرۈش كېرەك.

1) ھەجنىڭ مەقبۇل ھەج بولۇشى ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ نىيەتنى دۇرۇس قىلىش، پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىش ئىستىكىدىلا بولۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئابرۇي قوغلىشىش، مەنسەپ ئىزدەش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيغا ئېرىشىش مەقسەت قىلىنسا، شۇ كىشىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن.

﴿مَن كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ أُولَـٰئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

**﴿كىمكى دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى كۆزلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (نىڭ ئۇنۇمى) يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ﴾ (11 ـ سۈرە / ھۇد 15 ـ ، 16 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە سۈرە ئىسرادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُ جَهَنَّمَ يَصْلَاهَا مَذْمُومًا مَّدْحُورًا وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَٰئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا﴾

**﴿دۇنيانى كۆزلىگەن كىشىلەر ئىچىدىن بىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلىگە مۇكاپات بېرىلىدۇ﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 18 ـ ، 19 ـ ئايەت)**

لېكىن، بىز قارايدىغان بولساق، ھەجگە بارىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ھەر خىل مۇددىئا، مەقسەتلەرنى كۆزلەپ ھەجگە بارىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بايقايمىز. جۈملىدىن «ھاجىم» دېگەن نامغا ئېرىشىپ شۆھرەت تېپىش، رىيا قىلىش، مەن پالانىدىن قالامدىم دەپ بەسلىشىپ، يۈز ئابرۇي قوغلىشىپ، ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىش قاتارلىقلار. بۇلار ئەلۋەتتە «قۇرئان كەرىم» دە تەكىتلىنىۋاتقان خالىسلىققا تۈپتىن زىت قىلمىشلار بولۇپ، بۇنداق دۇرۇس بولمىغان نىيەت بىلەن قىلغان ئەمەلنى ئاللاھ تائالا ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ھەج قىلغۇچىنىڭ قەلبىدە بۇنداق ناتوغرا خاھىشلار بولسا، ئۇ قانچىلىك پۇل خەجلەشتىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ قىلغان ھەججىنىڭ قوبۇل بولۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىگە ئاساسلانغاندا بەلكىم ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۆزلىگەن نىشانىنى دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا دۇنيالىق شانۇ ـ شۆھرەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ كىشى ئاخىرەتتە بۇ قىلغان ئەمىلىنىڭ نەتىجىسىنى ئەسلا كۆرەلمەيدۇ. ناۋادا نىيىتىمىز خالىس ۋە دۇرۇس بولۇپ، ھەج پائالىيەتلىرىمىز ھەجنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىلمىسا ھەم ئوخشاشلا ھەججىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا بىز ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبىرىمىز كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يولنى تاشلاپ ئۆز خاھىشىمىزغا ئەگەشكەن بولىمىز. ھەج پائالىيىتى بىر مۇھىم پەرز بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭمۇ ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرى بولغان بىر

ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر پەرزى كەم قالسا ھەجگە بارغان كىشى ئىككىنچى يىلى قايتا بېرىپ باشقىدىن ئادا قىلمىغۇچە ھەج ۋاقتىدىن سىرت ئۇ كىشى سەئۇدىي ئەرەبىستان زېمىنىدا بىر يىل تۇرسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

دېمەك بىزدىكى ھەجگە بېرىش مۇددىئاسىدا ئەنە شۇنداق مەسىلىلەر ساقلانغان بولغاچقا بىز ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا پەرزنى قانداق قىلغاندا شەرىئەت تەلەپ قىلغان ئۆلچەمدە تولۇق ئادا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ھەج قىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىلىرىمىز باركى، ئۇلار ھەج ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھەرەمگە بارسىلا ھاجى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. سادىر قىلغان بەزى خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ قويسىمۇ، ھەتتا بۇ قىلغان ئىشىڭىز قەتئىي ھارام دېسىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم ئاياللار مەھرەمسىز ھەرەمگە بارىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مەھرىمىنى سۈرۈشتە قىلسا، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ شەرىئەت ئىجراچىلىرىنىڭ كۆزىنى بوياپ، يات ئادەملەرنى مەھرەم تۇتۇپ، ئىبادەت قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن چوڭ گۇناھقا پېتىپ قالىدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى شۇ ئۇلۇغ زېمىنغا بېرىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئادەم ئاغزىغا ئېلىشتىنمۇ نومۇس قىلىدىغان قەبىھ گۇناھلارنى سادىر قىلىدۇ. بىلىش كېرەككى، شەرىئەت تەلەپ قىلغان ئىبادەتلەرنى شەرىئەتكە نامۇۋاپىق يول بىلەن ئادا قىلىش قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.

2) ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ بۇندىن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» (24 ـ سۈرە / نۇر 31 ـ ئايەت)**

شۇڭا ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئاللاھقا تەۋبە قىلىش، گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم تەۋبە قىلىشتا بارلىق يامان ئىش، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ قويغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشى، ھەمدە ئىككىنچى گۇناھ ئىشلارنى

قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشى ۋە قەتئىي قىلماسلىقى كېرەك. ناۋادا شەخسلەرگە ئالاقىدار ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرى ياكى زۇلۇم قىلىپ سالغان، ئەرزىيەت بېرىپ قويغان ئەھۋاللىرى بولسا ۋاقتىدا رازى قىلىش لازىم.

3) ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ۋە دۇئاسىنى ئېلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزى زۆرۈر بولغان ھاجەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى، ئۆزى خاتىرجەم يولغا چىقىشقا ئاساس سېلىشى كېرەك.

4) باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغان، رەنجىتىپ قويغان، ئازار بېرىپ قويغان، باشقىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەققى ئۆزىگە ئۆتۈپ قالغان تەرەپلىرى بولسا سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى رازى قىلىشى، قەرزلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ رازىلىق ئېلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَنْ كَانَ عِنْدَهُ مَظْلِمَةٌ لِأَخِيهِ (مِنْ مَالٍ أَوْ عَرض) فَلْيَتَحَلَّلْهُ مِنْهَا فَإِنَّهُ لَيْسَ ثَمَّ دِينَارٌ وَلاَ دِرْهَمٌ مِنْ قَبْلِ أَنْ يُؤْخَذَ لِأَخِيهِ مِنْ حَسَنَاتِهِ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ حَسَنَةٌ أُخِذَ مِنْ سَيِّئَاتِ أَخِيهِ فَطُرِحَتْ عَلَيْهِ]

**"(مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن) كىمكى ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىغا (مال دۇنيا ياكى ھەققى ـ ھۆرمەت جەھەتتىن) كەتكۈزۈپ قويغان تەرىپى بولسا، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋاپلىرىدىن ئۇ قېرىندىشىغا ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ ياخشىلىقى بولمىسا، قېرىندىشىنىڭ يامانلىقىنىڭ (بىر قىسمى) ئېلىنىپ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىشتىن ئاۋۋال، ئۇ قېرىندىشىنىڭ (ھەققىنى بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ) رازى قىلىۋەتسۇن! چۈنكى (قىيامەت كۈنى) ئۇ يەردە ھېچقانداق دىنار ياكى دەرھەم بولمايدۇ." (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

5) ھەج ئۈچۈن تەييارلىغان مەبلەغ ھالال بولۇشى ھەم ھالال يوللار بىلەن قولغا كەلگەن بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا ئوغرىلىق قىلىپ تاپقان، قىمار ئويناپ تاپقان، ھارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان پۇللار بىلەن قىلىنغان ھەج قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[إِنَّ اللّٰهَ طَيِّبٌ لاَ يَقْبَلُ إِلاَّ طَيِّبًا] **"ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ."**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[إِذَا خَرَجَ الرَّجُلُ حَاجًّا بنفقَةٍ طَيِّبَةٍ، وَوَضَـعَ رِجْلَهُ فِي الْغَرْزِ، فَنَادَى: لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، نَادَاهُ مُنَادٍ مِنَ السَّـمَـاءِ: لَبَّيْكَ وَسَـعْدَيْكَ، زَادُكَ حَلالٌ، وَرَاحِلَتُكَ حَلالٌ، وَحَجُّكَ مَبْرُورٌ غَيْرُ مَأْزُورٍ، وَإِذَا خَرَجَ بِالنَّفَقَةِ الْخَبِيثَةِ، فَوَضَـعَ رِجْلَهُ فِي الْغَرْزِ، فَنَادَى: لَبَّيْكَ، نَادَاهُ مُنَادٍ مِنَ السَّـمَاءِ: لا لَبَّيْكَ وَلا سَـعْدَيْكَ، زَادُكَ حَرَامٌ وَنَفَقَتُكَ حَرَامٌ، وَحَجُّكَ غَيْرُ مَبْرُور.] (رَوَاهُ الطَّبْرَانِيُّ)

**”ھەج قىلغۇچى ھالال پۇل بىلەن ھەجگە چىقىپ، پۇتىنى ئۇلاغ ئىگىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ: مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ھازىر بولدۇم، ئەي ئاللاھ! مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ھازىر بولدۇم دەپ توۋلاپ تەلبىيە ئوقۇغان ۋاقىتتا، ئاسمان تەرەپتىن بىر پەرىشتە توۋلاپ: «ئاللاھ سېنىڭ ھەجڭنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قوبۇل قىلسۇن! سېنىڭ ئوزۇقلۇقۇڭ ھالال، قاتناش خىراجىتىڭ ھالال، سېنىڭ ھەجىڭ گۇناھدىن خالىي مەقبۇل ھەج بولغۇسى» دەيدۇ. ئەگەر ھارام پۇلى بىلەن ھەجگە چىقىپ، پۇتىنى ئىگىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ: مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ھازىر بولدۇم دەپ توۋلاپ تەلبىيە ئوقۇغان ۋاقىتتا، ئاسمان تەرەپتىن بىر پەرىشتە توۋلاپ: «ئاللاھ تائالا سېنىڭ ھەجڭنى قوبۇل قىلمىسۇن! سېنىڭ ئوزۇقلۇقۇڭ ھارام، چىقىم قىلغان پۇلۇڭ ھارام، سېنىڭ ھەجىڭ ئەجىر بېرىلمەيدىغان، گۇناھقا مۇپتىلا قىلىدىغان ھەج بولغۇسى» دەيدۇ.“ (ئىمام تەبرانى رىۋايەت قىلغان)**

ھەجنىڭ پەرز بولىشى ۋە توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەتلەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆتۈرۈلۈپ قوبۇل بولىشى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر بولغان ھەج داۋامىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بار، بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1. ھەرەمگە بارغان ھەربىر ھاجى ھەج كۈنلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ساناقلىقلا كۈنلەر ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى، ھەج مەۋسۇمىدا ھەرەم زېمىنىدا ئۆتكۈزىۋاتقان ھەر بىر ۋاقىت ـ سائەتلەرنى غەنىيمەت بىلىشى، ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھ ۋە خاتالىقلىرىغا چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[صَلاَةٌ فِي مَسْجِدِي أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلاَةٍ فِيمَا سَوَاهُ، إِلاَّ الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ، وَصَلاَةٌ فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ أَفْضَلُ مِنْ مِائَةِ أَلْفِ صَلاَةٍ فِيمَا سَوَاُه] (رَوَاهُ أَحْمَدُ وابْنُ مَاجَة)

**”مېنىڭ مەسچىتىمدە ئۆتىگەن بىر ۋاق ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا جايدا ئۆتىگەن**

**مىڭ ۋاق نامازدىن ئەۋزەلدۇر. ھەرەم مەسچىدىدىكى بىر ۋاق ناماز ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى يۈز مىڭ ۋاق نامازدىن ئەۋزەلدۇر.“ (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

ئەگەر ئىمكانىيىتى يار بەرسە ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كۆچىنى خوراتماستىن، بەيتۇللاھنى كۆپرەك تاۋاپ قىلىشى، بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك قۇرئان ئوقۇشى، زىكىر ـ تەسبىھلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى، تەۋھىد كەلىمىسىنى كۆپ ئوقۇپ، ئىھراملىق ھالەتلىرىدە تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىشى، رەسۇلۇللاھقا كۆپرەك دۇرۇت ئېيتىشى، ناماز ۋاقتى كەلگەندە تەمتىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّـهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾

**﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ ھەقىقەتەن دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾ (22 ـ سۈرە / ھەج 32 ـ ئايەت)**

2. ھەجنىڭ مەقبۇل ھەج بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان يەنە بىر سەۋەب ـ دۇئادۇر. دۇئا بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بىز بەندىلەرگە قىلغان مەرھەمىتى ۋە ئەڭ چوڭ ئېھسانىدۇر. شۇڭلاشقا ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىپ تۇرۇش، بولۇپمۇ ئاشۇنداق مۇقەددەس زېمىنغا بارغاندا ئاللاھقا تېخىمۇ يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ تائالا ئۆزىگە دۇئا قىلىشنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە دۇئا ـ تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ شۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾

**﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن قوبۇل قىلىمەن شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾ (40 ـ سۈرە / غافىر 60 ـ ئايەت)**

دۇئا ئۆز نۆۋىتىدە بىر تۈرلۈك ئىبادەت بولۇپ، ئۇ قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇش ـ بولماسلىقىغا

نىسبەتەنمۇ ئەنسىرەش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش تۇيغۇسىدا بولۇپ داۋاملىق ئاللاھ تائالادىن تىلىشىمىز لازىمدۇر.

3. ھەجنىڭ تەرتىپلىك، بىخەتەر ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھەر بىر ھەج قىلغۇچى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ ئەدەپلىك، تەرتىپلىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشى، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويماسلىقى، ئۆچرەت تالىشىش، باشقىلارنى قىستاش قاتارلىق ناچار قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشى، شۇنداقلا تىلىنىڭ ئاپىتىدىن يىراق بولۇپ، سەت گەپ قىلماسلىقى، يالغان سۆزلىمەسلىكى، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىقى، كۆپلەپ خەيرىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشى لازىم. يۇقىرىقى ئىشلار گەرچە ئۆزىمىزگە ئاددىي بىلىنسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەجنىڭ مەقبۇل بولۇش ياكى بولماسلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اَلْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّٰهُ وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ﴾

**﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر) بۇ ئايلار ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقىگە دائىر سۆزلەرنى قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل ـ ماجرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ھەج ئۈچۈن) ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 197 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلىَّ اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : مَنْ حَجَّ لِلّٰهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ مِنْ ذَنُوبِهِ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"كىمكى ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ ھەج قىلىپ، سەت گەپ قىلمىسا، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتىدۇ." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ھاجى مەن ھەج قىلدىم، ھەرەم زېمىنىغا كەلدىم، ئەمدى مېنىڭ ھەممە گۇناھىم مەغپىرەت بولۇپ، قىلغان ھەججىم مەقبۇل ھەج بولۇپ كەتتى دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ مەغرۇرلىنىشتىن ساقلىنىشى، ھەجدىن

ئىبادەت ئۇلۇغ پۇرسەتنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىغا كۆپ دۇئا ـ ئىلتىجا قىلىشى، بىپەرۋالىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن يىراق تۇرۇپ سەمىمىي تەۋبە قىلىشى لازىم.

ھەجنىڭ شەرت ۋە ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ھەج پەرىزنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىش نېسىپ بولغان ھاجىلار ھەجنىڭ خاسىيىتىگە تولۇق مۇشەررەپ بولاي دەيدىكەن ھەج قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشى، ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەردە باشقىلارغا باشلامچى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ھەجنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى، تەۋبە ئىستىغفارنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى، جامائەتنى تەرك ئەتمەسلىكى، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، خەير ـ ساخاۋەتلىك بولۇشى، ئائىلىسى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ يارامىلىق، تەقۋادار كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرسىدىن "كىشىنىڭ ھەججىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ؟" دەپ سورالغاندا، ئۇ كىشى شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: "بۇنىڭغا ھېچكىم كەسكىن بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، ئەگەر بىر كىشى ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەجدىن كېيىنكى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن ھەجدىن بۇرۇنقى ھالىتىدىن تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇرۇنقى ناچار ئادەتلىرىنى تەرك ئەتكەن بولسا ئۇ كىشىنىڭ ھەججىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىدىن ياخشى گۇمان قىلىشقا بولىدۇ."

بىز مۇسۇلمانلار ئۆرىمىزدە بىر قېتىم ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنغان ھەج پائالىيىتىمىزنى تولۇق تەلەپكە لايىق ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئەھكاملىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنداش بىلەن بىرگە، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشىمىزغا، ھەر جەھەتتىن ماسلىشىپ، شۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھتىن شۇنداق تىلەيمىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ھەجدىن ئىبارەت كاتتا پەرزنى ئادا قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن، ئارىمىزدىن بۇ يىلقى ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەججىنى قوبۇل قىلسۇن! ئامىن.

# مۇسۇلمانلار چوقۇم «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە ئەگىشىشى كېرەك

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ للهِ عَلَى كُلِّ حَالِ الْمَوْصُوفِ بِصِفَاتِ الْعَظَمَةِ وَالْجَلَالِ الْأَحَدِ الصَّمَدِ الْحَيِّ الْقَيِّمِ الْكَبِيْرِ الْمُتَعَالِ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى وَالصِّفَاتِ الْعُلَا وَالْمَجْدُ وَالْكَمَالُ وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ تَنَزَّهَ عَنِ الشَّرِيْكِ وَالنَّدِيْدِ وَالْمِثَالِ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ قُدْوَةُ الْعِبَادِ فِي النِّيَاتِ وَالْأَقْوَالِ وَالْأَفْعَالِ صَلَّى اللهُ وَسَلَّمَ وَبَارَكَ عَلَيْهِ وَعَلَى الصُّحُبِ وَالْآلِ.

بىزگە دىننى كامىل قىلغان، مول نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان بىزنى بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ياخشىسى قىلغان، پەيغەمبىرىمىز ئارقىلىق بىزگە ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى تەلىم بەرگەن، بىزنى تۈرلۈك خاتالىقلاردىن پاكلىغان ۋە بىزگە قۇرئان ـ ھەدىستىن تەلىم ئېلىشىمىزغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالاغا چەكسىز مەدھىيە ۋە ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن.

**أما بعد:**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار!

«قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولسا ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى تايىنىدىغان نۇقسانسىز ئاساسىي ئىككى مەنبەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن مۇئمىن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «قۇرئان ۋە سۈننەت» بىزنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىمىزنىڭ نىگىزى ھېسابلىنىدۇ.

مۇئمىن مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا «قۇرئان ۋە سۈننەت» نى

چۈشــــىنىش، ئۇ ھەقتە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلاش دىنىمىزنىڭ بىزگە قويغان مۇھىم تەلىپى ۋە بىزنىڭ ئىككىلا ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشتىكى مۇھىم تۈتقىمىزدۇر. ئەنە شۇ ئېھتىياج تۈپەيلى بىز بۇگۈن «قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەگىشىش» دېگەن تېمىدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەزمۇن ھەققىدە قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

**بىرىنچى: «قۇرئان كەرىم» قانداق كىتاب؟ ئاللاھ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نى نازىل قىلدى؟**

مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەھمىيىتى شۇكى «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيالىق شان ـ شەرىپى ۋە ئەزىزلىكىنىڭ، ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنىڭ شۇنداقلا بارلىق ئۈتۈق ـ غەلىبىلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئۈممىتىنى «قۇرئان كەرىم» گە مۇستەھكەم ئېسىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذِي أُوحِيَ إِلَيْكَ إِنَّكَ عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ وَإِنَّهُ لَذِكْرٌ لَكَ وَلِقَوْمِكَ وَسَوْفَ تُسْأَلُونَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن. قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە ئۇلۇغ شەرەپتۇر. سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ توغرىدا) سوراق قىلىنىسىلەر﴾ (43 ـ سۈرە / زۇخرۇق 43 ـ ، 44 ـ ئايەت)**

ئىســلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق «قۇرئان كەرىم»» ۋە «رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى» نى مۇستەھكەم تۇتقا قىلىپ ماڭغان ساھابە كىراملار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىنلارنىڭ تارىختا شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شانلىق سائادەت دەۋرىنى بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. قايسى بىر مىللەت، قايسى بىر قەۋم «قۇرئان كەرىم» گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇستەھكەم ئېسىلغان بولسا، شۇ دەۋردە ئۇ ئۈممەت ئىززەتلىك، شەرەپلىك بولدى. قاچانكى ئىسلام ئۈممىتى بۇ يولدىن يىراقلاشقان بولسا ئىلىمسىزلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە تېڭىرقاپ بەختسىزلىك ئىچىدە

ھالاكەتكە دۇچار بولدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم» گە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان دىنىمىزنىڭ مۇھىم چاقىرىقىدۇر.

**ئۇنداقتا «قۇرئان كەرىم» قانداق كىتاب ؟**

بۇ سوئال قۇرئاننى چۈشىنىش ئارزۇسىدا بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ كاللىسىغا تۇنجى بولۇپ كېلىدىغان سوئالدۇر.
«قۇرئان» سۆزى لۇغەتتە ئەرەب تىلىدىكى «قَرَأَ» (ئوقۇدى) دېگەن پېئىلدىن تۇرلەنگەن، ”ئوقۇش“ دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:
﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ﴾

**«(ئى مۇھەممەد! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە سېنى ئۇنى ئوقۇيالايدىغان قىلىش ئەلۋەتتە بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ساڭا ئۇنى (پەرىشتە ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (قۇلاق سېلىپ) ئاڭلىغىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر» (75 ـ سۈرە / قىيامەت 16 ~ 19 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتىكى «قُرْآنَ» سۆزى ”ئوقۇش، ئوقۇپ بېرىش“ دېگەن مەنىدە كەلگەن.
ئەمما، ئىسلام ئىستىلاھىدا ئاللاھ تائالا پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە سۈپىتى بىلەن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلغىلى، مەنىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ھىدايەت تاپقىلى بولىدىغان ساماۋى كىتاب «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ.
«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: «قۇرئان كەرىم» ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى، ئىمانىنىڭ نېگىزى ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ دەستۇرى. ئۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى ئاساسى ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.
«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلايدىغان پاكىت. ئۇنىڭ تېكىستى ۋە مەنىسى مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» سـاماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسـى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى.

«قۇرئان كەرىم» گە ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» گە ئەمەل قىلغۇچىلارغا قىيامەت كۈنىدە شـاپائەت ئىنئام قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: "اقْرَءُوا الْقُرْآنَ ، فَإِنَّهُ يَأْتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ شَفِيعًا لأَصْحَابِهِ".]

**”ئەبۇ ئۇمامە باھىلىيى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇڭلار، قىيامەت كۈنىدە قۇرئان ئۇنى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولىدۇ.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

«قۇرئـان كەرىم» مۇئمىنلەرنىڭ جىسـمانىي ھەم مەنىۋى كېسـەللىرىگە شىپادۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاءٌ﴾

**﴿قۇرئان ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر﴾ (41 ـ سۈرە / فۇسسىلەت 44 ـ ئايەت)**

«قۇرئان كەرىم» ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە ئالماشتۇرۇشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ساقلاش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

**﴿بىز قۇرئـاننى ھەقىقەتەن ئۆزىمىز نازىل قىلغان ئىكەنمىز، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾ (15 ـ سۈرە / ھىجر 9 ـ ئايەت)**

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَر كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ﴾

**﴿ئەلىف، لام، را (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ). (ئى مۇھەممەد! بۇ قۇرئان شـۇنداق) كىتابتۇركى، ئۇنى سـاڭا كىشـىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسـى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ـ غالىب، مەدھىيەلىنىدىغان ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن**

**نازىل قىلدۇق﴾ (14 ـ سۈرە / ئىبراھىم 1 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ بۇ مۇقەددەس كىتابىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ:

﴿الٓمٓ ذَٰلِكَ الْكِتَابُ لاَرَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ﴾

**﴿ئەلىف، لام،مىم (بۇ قۇرئاننىڭ سىرلىرىدىن بولۇپ، مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ) بۇ (قۇرئان) مۇقەددەس كىتابتۇر. ئۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوقتۇر، ئۇ تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 1 ـ ، 2 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِى لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّلِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا﴾

**﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 9 ـ ئايەت)**

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئازغانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، توغرا يولغا باشلايغان كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىدىغان توغرا يول «قۇرئان كەرىم» دىن چىقىدۇ، ئۇ يول ئىنسانلارنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ، دوزىخدىن قۇتقۇزىدۇ.

مۇئمىن كىشى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي ھاياتى پائالىيەتلىرىدە مەقسەت قىلىدىغىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئاساس قىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ جەننىتىگە كىرىشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلىشى كېرەك.

مۇئمىن كىشىنىڭ بۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئاساس قىلىش» يول باشلايدىغان يېتەكچى بولغىنىدا ئۇنىڭ غايىلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇسۇلمانغا نىسبەتەن جەننەتكە باشلايدىغان يېتەكچى، دوزاختىن قوغدايدىغان قالقان بولسا دەل دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئىگىسى بولغان، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» دۇر.

**ئۇنداقتا ئاللاھ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نى نازىل قىلدى؟**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» نى پەقەتلا تىلاۋەت قىلىش بىلەن ھۆرمەتلەش، تامىلارنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن بىزەش ۋە ئۆلۈكلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئوقۇش ئۈچۈنلا چۈشۈرمىدى.

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» نى ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىزنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن مۇستەھكەملەش، ئۇنىڭغا ئاللاھ نازىل قىلغان ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ئىنسانىيەتنى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە كىشىلەرنى ئازغۇنلۇق زۇلمەتتىدىن ھىدايەت نۇرىغا باشلاپ چىقىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بەرىكىتى ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە دېگىنىدەك پەقەت ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا بولىدۇ.

﴿وَهَـٰذَا كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ فَاتَّبِعُوهُ وَاتَّقُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾

**﴿بۇ (قۇرئان) بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 155 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا ئىنساندا ۋە ھاياتلىقتا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان نىشانلارنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئارقىلىق روشەن بايان قىلىپ بەرگەن.

﴿إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَا أَرَاكَ اللَّـهُ وَلَا تَكُن لِّلْخَائِنِينَ خَصِيمًا﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خىيانەتكارلارغا بولۇشمىغىن﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 105 ـ ئايەت)**

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُم بُرْهَانٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكُمْ نُورًا مُّبِينًا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّـهِ وَاعْتَصَمُوا بِهِ فَسَيُدْخِلُهُمْ فِي رَحْمَةٍ مِّنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ صِرَاطًا مُّسْتَقِيمًا﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەسكىن دەلىل كەلدى، سىلەرگە پارلاق نۇر (يەنى قۇرئان) نى نازىل قىلدۇق. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھقا بولغان ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى دائىرىسىگە**

كىرگۈزۈپ، توغرا يولغا باشلايدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 174 ـ ،175 ـ ئايەت)

﴿ الٓرَ كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَىٰ صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ﴾

﴿ ئەلىف، لام، را (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ). (ئى مۇھەممەد! بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ــ غالىب، مەدھىيەلىنىدىغان ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾ (14 ـ سۈرە / ئىبراھىم 1 ـ ئايەت)

بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» گە ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئەمەل قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن توغرا يول تېپىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا بىزدىن كۆتكەنلىرىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز بەكمۇ زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى ياخشى چۈشىنىشىمىزگە ۋە توغرا يولدا مېڭىشىمىزغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە ھۆكۈملىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈشىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» بولسا دىن ۋە دۇنياغا ئالاقىدار بولغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ئەمەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىر ـ بىرىنى ئايرىمايدىغان، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بىر خىل ئۇسلۇبتا، بىر خىل شەكىلدە بىرلەشتۈرگەن بىر پۈتۈن كىتابتۇر.

**ئىككىنچى، «سۈننەت» دېگەن نېمە؟ سۈننەتنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى قانداق؟**

«سۈننەت» دېگەن ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىش، ئۇنى ھاياتقا تەتبىقلاش ۋە ئۇممەتنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا تەربىيەلەشتىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان «پەيغەمبەر يولى» دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى ئۇ "پەيغەمبەر يولى" نى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ:

﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّـهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا مِن قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾

﴿ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر

**ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار ئۇچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 164 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتىكى «الْحِكْمَةَ» سۆزى دەل سۈننەتنى كۆرسىتىدۇ. سۈننەت دېمەك: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرى، قىلغان ئەمەللىرى، باشقىلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ياكى قىلىشتىن توسىغان ياكى قىلىشتىن چەكلىگەن، قىلماسلىقتا بۇيرىغان ئىشلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئاشۇ ”پەيغەمبەر يولى“ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە تەستىقلىرىدا نامايان بولىدۇ.

دېمەك، بىز مۇئمىن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىلىشىمىز كېرەككى سۈننەت مۇسۇلمانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. سۈننەت «قۇرئان كەرىم» دىن قالسىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى.

شۇ جەھەتتىن ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل چۈشەنمەكچى بولغان كىشى چوقۇم «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىش بىلەن بىرگە سۈننەتنىمۇ تەپسىلىي بىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، سۈننەتلىرىنى قوللىنىش ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ۋە «ھەدىس شەرىف» تە ئاشكارا يوليورۇقلار كەلگەن. ئۇندىن باشقا تارىختا ئۆتكەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى (ئىجماسى) سۈننەتنىڭ ھۆججەت ۋە ئىسپات ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّـهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوا أَعْمَالَكُمْ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ (47 ـ سۈرە / مۇھەممەد 33 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّـهَ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾

**﴿ كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئىتائەتتىن باش تارتىدىكەن، (ئى مۇھەممەد! بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 80 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىپ سۈننەتلەرگە ئەگىشىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىش ۋە سۈننەتلىرىنى تەرك ئېتىشتىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا مۇسۇلمانلارغا ئېنىق كۆرسەتمە بەرگەن.

ئۇندىن باشقا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئىش قىلىشنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈپ ھەدىسنىڭمۇ شەرىئەتتە دەلىل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّـهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّـهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا﴾

**﴿ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ شۇ ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلمىسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ ﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 36 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەر سۈننەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىنى، شەرىئەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز خىيالى بويىچە ئىش قىلمايدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننەت ئارقىلىق هارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دا هارام قىلغان نەرسىلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ وَإِنَّهُ لَتَذْكِرَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ ﴾

**﴿ ئەگەر ئۇ (يەنى مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى. شەك شۈبھىسىزكى بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن نەسىھەتتۇر﴾ (69 ـ سۈرە / ھاققە 44 ~ 48 ـ ئايەت)**

﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَىٰ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَىٰ وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَىٰ عَلَّمَهُ شَدِيدُ الْقُوَىٰ﴾

**﴿سارقىۋاتقان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) ئۆگەتتى﴾ (53 ـ سۈرە / نەجم 1~5 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئۇ چىقارغان ھۆكۈملەر ۋە كۆرسەتمىلەر ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىدىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِ يكَرِبَ الْكِنْدِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: "يُوشِكُ الرَّجُلُ مُتَّكِئًا عَلَى أَرِيكَتِهِ يُحَدِّثُ بِحَدِيثٍ مِنْ حَدِيثِي، فَيَقُولُ: بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ كِتَابُ اللهِ عَزَّ وَجَلَّ، فَمَا وَجَدْنَا فِيهِ مِنْ حَلالٍ اسْتَحْلَلْنَاهُ، وَمَا وَجَدْنَا فِيهِ مِنْ حَرَامٍ حَرَّمْنَاهُ، أَلا وَإِنَّ مَا حَرَّمَ رَسُولُ اللهِ مِثْلُ مَا حَرَّمَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ. ]

**مىقدام ئىبنى يەكرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئۆزىنىڭ ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مېنىڭ ھەدىسىمدىن بىر ھەدىس ئوقۇيدۇ ۋە "بىزگە ئاللاھنىڭ كىتابى كۇپايە، ئاللاھنىڭ كىتابىدا ھالال دەپ ئۇچراتقان نەرسىنى ھالال سانايمىز، ئۇنىڭدا ھارام دەپ ئۇچراتقان نەرسىنى ھارام سانايمىز" دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھارام**

**قىلغان نەرسە ئاللاھ ھارام قىلغانغا ئوخشاشتۇر.“ (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى مانا مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام ئالىملىرى سۈننەتنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىدئەتلەردىن ئايرىشتا، ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەشتە ئالەمشۇمۇل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ھەدىسشۇناس ئالىملار كۈچلۈك قائىدىلەرنى، ھەدىسشۇناسلىق ئىلىملىرى ۋە ئاتالغۇلىرىنى تۈزۈپ ھەدىسنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بىر قاتار قاتتىق شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مىراسنى يوقىلىش ياكى ساختىلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

”سەھىھ ھەدىسلەر ئاجىز ھەدىسلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، توغرىسى خاتاسى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى“ دەپ بىلجىرلاش بۇ ئۆلۈغ ئىلىم دېڭىزلىرىغا چۆكمىگەن، تەكشۈرمىگەن كىشىلەرنىڭ دەۋاسىدۇر. ئۇ ئۆلىمالار ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ ئىشەنچىلىكى ۋە قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىرى، ئاجىزلىرى ۋە ئىشەنچسىزلىرى ئۈچۈن راۋىيلار، راۋىي قاتلاملىرى ۋە راۋىي تارىخى ئىلىملىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە «أَصُولُ الْحَدِيثِ» (ھەدىس ئىلىملىرى) نامى بىلەن تونۇلغان 90 نەچچە خىل ئىلىم توغرۇلۇق كىتابلارنى تۈزدى. ئۇ ئىلىملەر ئىسلام دىنى قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ھەدىس تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي ئىلىم ھېسابلىنىدۇ.

تارىختا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ھېچ بىر ئۈممەت بۇ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرستىپ باقمىغان.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ئەدەب قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ نېگىزى ۋە ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاساسىي قانۇن مەنبەسى بولسا ھەدىس، سۈننەت «قۇرئان كەرىم» نىڭ يۇقىرىقى ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسىدىكى نەزەرىيەۋى

چۈشەندۈرۈلمىسى ۋە ئەمەلىي تەتبىقلانمىسىدۇر.

ئۇ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىخچام بايانلارنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يېشىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىكى قىسقا، ئىخچام مەزمۇنلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان دېسەك، ھەدىس، سۈننەت ئەنە شۇ پرىنسىپلارنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ،ئەمەلىي ئۈلگىلەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

**ئۈچىنچى، ئۇنداقتا بىز مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم؟**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّـهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنتُمْ تَسْمَعُونَ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ قَالُوا سَمِعْنَا وَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار. ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق، دېگەن كىشىلەرنى دورىماڭلار﴾ (8 ـ سۈرە / ئەنفال 20 ـ ، 21 ـ ئايەت)**

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّـهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنكُمْ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّـهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّـهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە) مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 59 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ تَرَكْتُ فِيكُمْ مَا إِنْ تَمَسَّكْتُمْ بِهِ لَنْ تَضِلُّوا بَعْدِى أَبَداً كِتَابُ اللهِ وَسُنَّتِى.]

**”مەن سىلەرگە مۇستەھكەم ئېسىلساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قۇيۇپ قويدۇم، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم.“**

يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيالىق سەپىرىدىكى يول باشلىغۇچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق ئەمەلدە دەلىل قىلىشقا تېگىشلىك دەستۇرنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى» يوتۇرۇپ بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلار چوقۇم «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە «پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى» نى توغرا تونۇپ، ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزغا توغرا تەتبىقلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە چىن ۋارىسلىق قىلىپ، ئىختىلاپلىشىشقا قارشى تۇرۇپ، ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ، بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق، ئەبەدىي ئەمىن بولۇشىغا كۈچ چىقىرىشى لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى ئەھكاملارنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە، كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنىمۇ بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا بىز «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» كە ئەمەل قىلغان ھېسابلىنىمىز ۋە ئاللاھنىڭ نېئمەتلىك جەننەتلىرىگە مۇيەسسەر بولۇشقا تىرىشقچان بولىمىز.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالادىن تىلەيدىغىنىمىز شۇكى ئاللاھ ھەممىمىزنى «قۇرئان كەرىم» گە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ ماڭغان تەقۋادارلاردىن بولغىلى نېسىپ قىلسۇن! ئامىن.

# ئىسلام دىنىدىكى جەننەت توغرىسىدا

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي خَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيْرًا وَدَبَّرَ عِبَادَهُ عَلَى مَا تَقْتَضِيْهِ حِكْمَتُهُ وَكَانَ اللهُ لَطِيْفًا خَبِيْرًا وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَكَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرًا وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ أَرْسَلَهُ اللهُ تَعَالَى بَيْنَ يَدَيِ السَّاعَةِ بَشِيْرًا وَنَذِيْرًا (وَدَاعِياً إِلَى اللهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجاً مُنِيْراً) (الأحزاب:46) صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ وَمَنْ تَبِعَهُمْ بِإِحْسَانٍ وَسَلَّمَ تَسْلِيْمًا كَثِيْرًا.

**أما بعد :**

مۆھتەرەم ئەزىز قېرىنداشلار!

بىز بۈگۈن سىلەرگە ئىسلام دىنىدىكى جەننەت توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

بىز مۇئمىنلەر ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىمىز، جەننەتكە ئىمان ئېيتىش بولسا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە دۇنيادا كۆپلىگەن ۋەدىلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاخىرەتتىمۇ جەننەت ئاتا قىلىشنى ۋەدە قىلدى.

﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَّهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلًّا ظَلِيلًا﴾

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بولىدۇ. ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 57 ـ ئايەت)**

تۆۋەندە بىز جەننەت توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمىز.

جەننەت دېگەن لۇغەت مەنىسى بويىچە ''باغۇ ـ بوستانلىق جاي'' دېگەن بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئېلىنغان، ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان جەننەتنىڭ بىر قانچە خىل ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىسىملىرى

تۆۋەندىكچە: 1. اَلْجَنَّةُ (جەننەت) 2. جَنَّةُ الْفِرْدَوْسِ (جەننەتۇل فىردەۋس) 3. جَنَّةُ عَدْنَ (جەننەتۇ ئەدنى) 4. جَنَّةُ الْخُلْدِ (جەننەتۇل خۇلدى) 5. جَنَّةُ النَّعِيمِ (جەننەتۇن نەئىم) 6. جَنَّةُ الْمَأْوَى (جەننەتۇل مەئۋا) 7. دَارُ السَّلاَمِ (دارۇس سالام)

جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

[مَنْ أَنْفَقَ زَوْجَيْنِ فِي سَبِيلِ اللهِ نُودِيَ فِي الْجَنَّةِ: يَا عَبْدَ اللهِ هَذَا خَيْرٌ...] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر جۈپ نەرسىنى سەدىقە قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى بۇ ياخشىدۇر دەپ توۋلىنىدۇ." (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ھاياتى دۇنيادا ناماز ئوقۇغان، ئاللاھ يولىدا ماڭغان، روزا تۇتقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ھەمىشە ئوچۇق بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشىكلەردىن بىمالال كىرىپ، ئاللاھ تائالا تەييارلاپ قويغان جەننەتنىڭ كاتتا نېئمەتلىرىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِي صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ قَالَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ: أَعْدَدْتُ لِعِبَادِيَ الصَّالِحِينَ مَا لا عَيْنٌ رَأَتْ وَلا أُذُنٌ سَمِعَتْ وَلا خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ. ثُمَّ قَرَأَ : ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان ھەدىسى قۇددۇسىدا ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىھ بەندىلىرىمگە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنساننىڭ قەلبىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدىم. ئاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾" (32 ـ سۈرە / سەجدە 17 ـ ئايەت)**

ئىنسان دۇنيادا ياخشى نەرسىلەرنى يېيىشنى، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشنى، ئېسىل ـ ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. جەننەتتە مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا ئاجايىپ ئېسىل قەسىرلەر تەييارلاپ قويۇلغانكى، بۇ قەسىرلەر

ئىنسانىنىڭ دۇنيادىكى ئارزۇلىرىنىڭ تامامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ الْجَنَّةِ غُرَفًا تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا نِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى جەننەتتىكى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي تۇرالغۇلارغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن بۇ مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى!﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 58 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بىزگە جەننەت ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى بايانلارنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "إِنَّ فِي الْجَنَّةِ غُرَفًا يُرَى ظَاهِرُهَا مِنْ بَاطِنِهَا، وَبَاطِنُهَا مِنْ ظَاهِرِهَا. قِيلَ: لِمَنْ هِيَ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: لِمَنْ أَطَابَ الْكَلامَ، وَأَطْعَمَ الطَّعَامَ، وَبَاتَ قَائِمًا وَالنَّاسُ نِيَامٌ.] (رَوَاهُ أَحْمَدُ وَالتِّرْمِذِيُّ)

**"ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: شەك شۈبھىسىزكى جەننەتتە سىرتى ئىچىدىن كۆرۈلىدىغان ۋە ئىچى سىرتىدىن كۆرۈلىدىغان ئۆيلەر بار. بىر ئەرابى قوپۇپ مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ ئۆيلەر كىملەر ئۈچۈن تەييارلانغان؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئۆيلەر سۆزنى ياخشى قىلغان، تائام بەرگەن، ھەمىشە روزا تۇتقان ۋە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇغان كىشىلەرگە تەييارلانغان دېدى" (ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اَلْجَنَّةُ بِنَاءُهَا لَبْنَةٌ مِنْ فِضَّةٍ وَلَبْنَةٌ مِنْ ذَهَبٍ وَمِلاَطُهَا الْمِسْكُ الْأَذْفَرُ وَحُصبَاؤُهَا اللُّؤْلُؤُ وَالْيَاقُوتُ وَتُرْبَتُهَا الزَّعْفَرَانُ مَنْ يَدْخُلُهَا يُنْعَمُ لاَ يَبْأَسُ وَيَخْلُدُ لاَ يَمُوتُ لاَ تَبْلِي ثِيَابُهُمْ وَلاَيَفْنِي شَبَابُهُمْ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ بىنالىرى بىر خىشى كۈمۈشتىن، بىر خىشى ئالتۇندىن، بۇ**

خىشىلارغا قويۇلغان لايلىرى خۇشپۇراق ئىپار - ئەنبەردۇر. نەقىش تاشلىرى بولسا گۆھەر مارجان - ياقۇتتۇر. تۇپرىقى زەئپىراندۇر. جەننەتكە كىرگەن كىشى مەڭگۈ نېئمەتتە لەززەت ئالىدۇ، جاپا - مۇشەققەت تارتمايدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، كىيىم - كېچەكلىرى كونىرىمايدۇ، ياشلىقى تۈگەپ كەتمەيدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاعِمَةٌ لِّسَعْيِهَا رَاضِيَةٌ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ لَّا تَسْمَعُ فِيهَا لَاغِيَةً فِيهَا عَيْنٌ جَارِيَةٌ فِيهَا سُرُرٌ مَّرْفُوعَةٌ وَأَكْوَابٌ مَّوْضُوعَةٌ وَنَمَارِقُ مَصْفُوفَةٌ وَزَرَابِيُّ مَبْثُوثَةٌ﴾

﴿بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزىدە بەخت شادلىقى جىلۋىلىنىدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىدىن رازى بولىدۇ، ئالىي جەننەتتە تۇرىدۇ، ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ، ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت - رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار﴾ (88 - سۈرە / غاشىيە 8 ~ 16 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ :

﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا وَكَأْسًا دِهَاقًا لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّابًا جَزَاءً مِّن رَّبِّكَ عَطَاءً حِسَابًا﴾

﴿تەقۋادارلار چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن باغلار، ئۈزۈملەر، كامالىغا يەتكەن تەڭتۇش قىزلار، شاراب تولدۇرۇلغان جاملار بار. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆز ئاڭلىمايدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى ۋە يېتەرلىك ئىنئامىدۇر﴾ (78 - سۈرە / نەبەئ 31 ~ 36 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِّن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ نِعْمَ الثَّوَابُ وَحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا﴾

﴿جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ، تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾ (18 - سۈرە / كەھف 31 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :

﴿عَلَىٰ سُرُرٍ مَّوْضُونَةٍ مُّتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُونَ بِأَكْوَابٍ وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ لَّا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ وَفَاكِهَةٍ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ وَلَحْمِ طَيْرٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ وَحُورٌ عِينٌ كَأَمْثَالِ اللُّؤْلُؤِ الْمَكْنُونِ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا تَأْثِيمًا إِلَّا قِيلًا سَلَامًا سَلَامًا﴾

**﴿ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ، ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غۇلاملار باش ئاغرىتمايدىغان، مەست قىلمايدىغان ئېقىن مەيدىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا خالىغان مېۋىلەر ۋە كۆكۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بار. ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بار. بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام، سالام» (ئامان بولۇڭلار) دېگەن سۆزنىلا ئاڭلايدۇ﴾ (56 ـ سۈرە / ۋاقىئە 15 ~ 26 ـ ئايەت)**

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّكَ لَتَنْظُرُ إِلَى الطَّيْرِ فِي الْجَنَّةِ فَتَشْتَهِيهِ فَيَخِرُّ بَيْنَ يَدَيْكَ مَشْوِيًّا.]

**”ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: سەن جەننەتتە بىر قۇشنى كۆرسەڭ ۋە ئۇنى يېگۈڭ كەلسە، ھايال ئۆتمەي ئۇ (قۇش) پىشۇرۇلغان ھالەتتە ئالدىڭغا كەلتۈرۈلىدۇ.“ (ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھ تائالا گۈزەل جەننەتتە نازۇ ـ نېئمەتلەرنى مول قىلىش بىلەن بىرگە خىلمۇخىل ئۆستەڭلەرنى ياراتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَّثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ فِيهَا أَنْهَارٌ مِّن مَّاءٍ غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ وَأَنْهَارٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّارِبِينَ وَأَنْهَارٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى﴾

**﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇ ئۆستەڭلىرى، تەمى ئۆزگەرمەيدىغان سۈت ئۆستەڭلىرى، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شاراب ئۆستەڭلىرى ۋە ساپ ھەسەل ئۆستەڭلىرى بولىدۇ﴾ (47 ـ سۈرە / مۇھەممەد 15 ـ ئايەت)**

يەنە ئـاللاھ تائالا ئەھلى جەننەتتى بولغان ئاياللارنى چىرايلىق، گۈزەل، زىلۋا ھـالەتتە، ئەھلى جەننەتتى بولغـان ئەرلەرنى يـاش، قـاۋۇل، كۈچلۈك، قەددى قـامەتلىـك، كېلىشـكەن ھـالەتتە جەننەتكە كىرگـۈزىـدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

[اِنَّ عَجُوزًا أَتَتِ النَّبِيَّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللّٰهِ أُدْعُ اللّٰهَ أَنْ يُدْخِلَنِي الْجَنَّةَ فَقَالَ: يَا أُمَّ فُلاَنٍ اِنَّ الْجَنَّةَ لاَ يَدْخُلُهَا عَجُوزٌ فَوَلَّتْ فَبَكَتْ قَالَ: أَخْبِرُوهَا أَنَّهَا لاَ تَدْخُلُهَا وَهِيَ عَجُوزٌ. اِنَّ اللّٰهَ تَعَالَى يَقُولُ: ﴿اِنَّا أَنْشَأْنَاهُنَّ اِنْشَاءَ فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا عُرُبًا أَتْرَابًا﴾]

**”بىر موماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، جەننەتكە كىرىشىم ئۈچۈن ئاللاھقا بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى پالانىنىڭ ئانىسى، جەننەتكە قېرى ئاياللار كىرمەيدۇ، دېدى. ئۇ موماي كەينىگە ئۆرۈلۈپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ جەننەتكە موماي ھالەتتە كىرمەيدىغانلىقىنى دەپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى قىزلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان، ئەرلىرىگە ئامراق، بىر ـ بىرى بىلەن تەڭتۇش قىلدۇق﴾“ (56 ـ سۈرە / ۋاقىئە 35 ـ ، 36 ـ ، 37 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :

﴿فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ﴾

**﴿ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، بۇرۇن ھېچ ئىنسان ۋە جىنمۇ يېقىنچىلىق قىلمىغان ھۆرلەر بار. (ئى ئىنسـانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسـىبىرىنى ئىنكار قىلىسـلەر؟ گويا ئۇلار (سـۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر﴾ (55 ـ سۈرە / رەھمان 56 ~ 58 ـ ئايەت)**

[عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ اَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَدْخُل أَهْلُ الْجَنَّةِ اَلْجَنَّةَ جُرْدًا مُرْدًا مُكَحَّلِيْنَ أَبْنَاءَ ثَلاَثِيِنَ أَوْ ثَلاَثٍ وَثَلاَثِينَ سَنَةً]

**”مۇئـاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسـالام مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە 30 ياكى 33 ياش ھالىتىدە، تېخى سـاقال چىقمىغان، بۇرۇتى خەت تاتمىغان ۋە كۆزلىرىگە سـۈرمە**

**تارتىلغان ھالدا كىرىدۇ.“ (تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اِنَّ الرَّجُلَ مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ لَيُعْطَى قُوَّةَ مِائَةِ رَجُلٍ فِى الْأَكْلِ وَالشُّرْبِ وَالْجِمَاعِ وَالشَّهْوَةِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْيَهُودِ: اِنَّ الَّذِى يَأْكُلُ وَيَشْرَبُ تَكُونُ مِنْهُ الْحَاجَةُ قَالَ يَفِيضُ مِنْ جِلْدِهِ عَرَقٌ فَاِذَا بَطْنُهُ ضَمَرَ.]

**”زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشىگە يېيىش ئىچىش، جىنسىي قۇۋۋەت ۋە شەھۋەتتە يۈز ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ. يەھۇدىيلاردىن بىرى: يېگەن، ئىچكەن ئادەم ھاجەت قىلىدۇ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : تېرىسىدىن تەر چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورسىقى (خۇددى ھېچنەرسە يېمىگەندەك) ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، دېدى.“ (دارىمى رىۋايەت قىلغان)**

جەننەت ئەھلى جەننەتتە مەڭگۈ چىرايلىق، ياش ھالەتتە بولىدۇ. مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ باياشات، خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ، مەڭگۈ جاپا چەكمەيدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إنّ أَوَّلَ زُمْرَةٍ يَدْخُلُونَ الجَنَّةَ عَلَى صُورَةِ القَمَرِ لَيْلَةَ البَدْرِ، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُمْ عَلَى أَشَدِّ كَوْكَبٍ دُرِّيٍّ فِي السَّمَاءِ إضَاءَةً، لا يَبُولُونَ، وَلا يَتَغَوَّطُونَ، وَلا يَتْفِلُونَ، وَلا يَمْتَخِطُونَ، أَمْشَاطُهُمُ الذَّهَبُ، وَرَشْحُهُمُ المِسْكُ، وَمَجَامِرُهُمُ الأَلُوَّةُ، وَأَزْوَاجُهُمُ الحُورُ العِينُ، عَلَى خَلْقِ رَجُلٍ وَاحِدٍ، عَلَى صُورَةِ أَبِيهِمْ آدَمَ سِتُّونَ ذِرَاعاً فِي السَّمَاء.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتنىڭ يۈزلىرى ئايدىڭ كېچىدىكى تولۇن ئايدەك، ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ يۈزلىرى ئاسماندىكى پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك بولىدۇ. ئۇلار چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى ئالتۇن، تەرلىرى ئىپار، ئىسرىقدانلىرى خۇشپۇراق ئۇد دەرىخى (بىر خىل خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك) دىن بولىدۇ. ئاياللىرى ھۆرلەردىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بوي ـ تۇرقى ئوخشاش بىر خىل بولۇپ، شەكلى ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرقىغا ئوخشايدۇ، ئېگىزلىكى 60 گەز بولىدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

[عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا صَارَ أَهْلُ الْجَنَّةِ إِلَى

الْجَنَّةِ ، وَأَهْلُ النَّارِ إِلَى النَّارِ ، جِيءَ بِالْمَوْتِ حَتَّى يُجْعَلَ بَيْنَ الْجَنَّةِ وَالنَّارِ ، ثُمَّ يُذْبَحَ ، ثُمَّ يُنَادِي مُنَادٍ : يَا أَهْلَ الْجَنَّةِ لا مَوْتَ، يَا أَهْلَ النَّارِ لا مَوْتَ، فَيَزْدَادُ أَهْلُ الْجَنَّةِ فَرَحًا إِلَى فَرَحِهِمْ ، وَيَزْدَادُ أَهْلُ النَّارِ حُزْنًا إِلَى حُزْنِهِمْ.]

**’’ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە ، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۆلۈم كەلتۈرۈلۈپ جەننەت دوزاخ ئارىلىقىدا زەبى قىلىنىدۇ. بىرى: ئى جەننەت ئەھلى ، ئەمدى ئۆلۈم يوق ، ئى دوزاخ ئەھلى ، ئەمدى ئۆلۈم يوق ، دەپ توۋلايدۇ. جەننەت ئەھلى قاتمۇقات خۇشاللىققا چۆمىدۇ. دوزاخ ئەھلى قاتمۇقات غەمگە پاتىدۇ.‘‘ (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى ھەر خىل بولىدۇ. ئەھلى جەننەتتى بولغانلار قىلغان ئەمەللىرىگە بىنائەن دەرىجىلىرى پەرقلىق بولىدۇ.

[عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَرَّاحِ رِضْوَانُ اللهُ عَلَيْهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اَلْجَنَّةُ مِائَةُ دَرَجَةٍ، مَا بَيْنَ كُلِّ دَرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ، وَالْفِرْدَوْسُ أَعْلَى الْجَنَّةِ فَإِذَا سَأَلْتُمُ اللهَ فَسَلُوهُ الْفِرْدَوْسَ.]

**’’ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، ھەربىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر. فىردەۋس دېگەن جەننەت ـــ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر. سىلەر ئاللاھدىن سورىساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار.‘‘ (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ أَدْنَى مَقْعَدِ أَحَدِكُمْ مِنَ الْجَنَّةِ أَنْ يَقُولَ لَهُ تَمَنَّ فَيَتَمَنَّى وَيَتَمَنَّى فَيَقُولُ لَهُ هَلْ تَمَنَّيْتَ فَيَقُولُ نَعَمْ فَيَقُولُ لَهُ فَإِنَّ لَكَ مَا تَمَنَّيْتَ وَمِثْلَهُ مَعَهُ.]

**’’ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولىدىغىنىڭلار مۇنداق بىر كىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە: ئارزۇيىڭنى دېگىن دەيدۇ. ئۇ كىشى ئارزۇسىنى دەيدۇ، يەنە دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە: ئارزۇيىڭنى دەپ بولدۇڭمۇ؟ دېسە، ئۇ كىشى «ھەئە» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «ساڭا ئارزۇ قىلغىنىڭ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يەنە بىر باراۋەر قوشۇپ بېرىلىدۇ» دەيدۇ.‘‘ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بۇنداق بولسا، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. شۇڭا بىز جەننەتكە كىرىشكە ئىنتىلىشىمىز ۋە شۇنىڭغا لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىدىن رازى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانى جەننەتتە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌإِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ﴾

**﴿قىيامەت كۈنىدە نۇرغۇن يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ، پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴾ (سۈرە قىيامەت 22 ـ ،23 ـ ئايەت)**

[عَنْ صُهَيْبٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قال رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : إِذَا دَخَلَ أَهْلُ الْجَنَّةِ الْجَنَّةَ يَقُولُ اللّٰهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى تُرِيْدُونَ شَيْئًا أَزِيدُكُمْ فَيَقُولُونَ أَلَمْ تُبَيِّضْ وُجُوهَنَا أَلَمْ تُدْخِلْنَا الْجَنَّةَ وَتُنَجِّنَا مِنَ النَّارِ؟ فَيَكْشِفُ الْحِجَابَ فَمَا أُعْطُوا شَيْئًا أَحَبَّ إِلَيْهِمْ مِنَ النَّظْرِ إِلَى رَبِّهِمْ عَزَّ وَجَلَّ.]

**"سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە، ئاللاھ تائالا «سىلەرگە مېنىڭ بىرەر نەرسىنى زىيادە قىلىپ بېرىشىمنى خالامسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «يۈزىمىزنى يورۇق قىلمىدىڭمۇ، دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ، بىز يەنە نېمىنى تەلەپ قىلاتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇز جامالىدىن پەردىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلارغا ئۆز پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولۇشتىنمۇ سۆيۈملۈك نەرسە بولمايدۇ." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ أَنَّ أُنَاسًا قَالُوا : يَا رَسُولَ اللّٰهِ، هَلْ نَرَى رَبَّنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ ؟ قَالَ: هَلْ تُضَارُّونَ فِي رُؤْيَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ؟ قَالُوا: لَا يَا رَسُولَ اللّٰهِ، قَالَ: فَهَلْ تُضَارُّونَ فِي رُؤْيَةِ الشَّمْسِ لَيْسَ دُونَهَا سَحَابٌ؟ قَالُوا: لَا ، قَالَ : فَإِنَّكُمْ تَرَوْنَهُ كَذَلِكَ.]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، قىيامەت كۈنى بىز رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق؟ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاي تولغان كېچىسى ئاينى كۆرۈشتە قىينىلامسىلەر؟**

**دېدى. ئۇلار ياق، قىنالمايمىز ئى رەسۇلۇللاھ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر بۇلۇت يوق ھالەتتە قۇياشنى كۆرۈشتە قىنىلامسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ياق، ئى رەسۇلۇللاھ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر ئاللاھنى ئاشۇنداق قىنالماي كۆرىسىلەر، دېدى.“ (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

بىز يۇقىرىدا جەننەت ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە ئايەت ـ ھەدىسلەرنى بايان قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت توغرىسىدا مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق.

ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە جەننەت ھەققىدە نۇرغۇنلىغان خەۋەرلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى ئىمان ـ ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشقا، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق گۈزەل جەننەتكە كىرىشكە رىغبەتلەندۈرگەن. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بەزى كىشىلەر مال ـ دۇنيانىڭ، شەيتانىي نەفسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلماقتا. جەمئىيەت تەرتىپىگە، تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتماقتا. شۇڭا بىز مۇئمىن مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا تەييارلىغان جەننەتكە كىرىش، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان ساناقسىز نېئمەتلىرىدىن بەھر ئېلىش ئۈچۈن خاتا يوللاردىن يېنىپ، گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىپ، ئوتتۇرھال يولدا مېڭىپ، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، جامائەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمى بىلەن سۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُم بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ دَعْوَاهُمْ فِيهَا سُبْحَانَكَ اللَّـهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَامٌ وَآخِرُ دَعْوَاهُمْ أَنِ الْحَمْدُ لِلَّـهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالىمى: «ئامان بولغايسەن» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 9 ـ ، 10 ـ ئايەت)**

# ئىسلام دىنى بىزدىن ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ وَ نَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا مَنْ يَّهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰــهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلار!

ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇۋە تائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى:

﴿ وَأَنَّ هَـذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُم بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴾

**﴿ بۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇڭا، سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇ ناتوغرا يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 153 ـ ئايەت)**

«ئەنئام سۈرىسى» دىكى ئۇشبۇ ئايەتتە كەرىمدە زىكىر قىلىنغان «توغرا يول» بۇ يەردە «ئوتتۇراھال يول» نى كۆرسىتىدۇ.

[ عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ خَطَّ لَنَا رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمًا خَطًّا ثُمَّ قَالَ: «هَذَا سَبِيلُ اللّٰهِ» ثُمَّ خَطَّ خُطُوطًا عَنْ يَمِينِهِ وَعَنْ شِمَالِهِ ثُمَّ قَالَ: «هَذِهِ سُبُلٌ عَلَى كُلِّ سَبِيلٍ مِنْهَا شَيْطَانٌ يَدْعُو إِلَيْهِ» ثُمَّ تَلَا: ﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ﴾ ]

**”ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىر سىزىقنى سىزىپ كۆرسىتىپ: «مانا بۇ ئاللاھنىڭ يولى» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە سىزىقلارنى سىزىپ: «مانا بۇ يوللارنىڭ ھەر بىرىدە بۇ يوللارغا دەۋەت قىلىدىغان شەيتانلار بار» دېدى. ئاندىن: ﴿ بۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇڭا، سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا**

**يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇ ناتوغرا يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.» (دارىمىي رىۋايەت قىلغان)**

بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئوتتۇرا هال يول تۇتۇشقا ئەهمىيەت بېرىدىغان دىن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ يۇقىرىقى ئايەتلىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. ئوتتۇرا هال يول ــ مۆتىدىل، توغرا يول دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ توغرا يولى، شۇنداقلا، «ئاللاھنىڭ يولى» دۇر. ئىسلام دىنىمىز بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەسلىكنى، ئوتتۇرا، ئادىل يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر، شۇڭا، مۇسۇلمانلار چوقۇم ئوتتۇرا يولدا مەهكەم ماڭىدىغانلاردىن بولۇشى لازىم.

خۇددى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتقاندەك:

﴿ وَكَذٰلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا ﴾

**﴿ بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە شاهىت بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن سىلەرنى ئادىل ئۇممەت قىلدۇق﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 143 ـ ئايەت)**

### 1. تۇرمۇشىمىزدىكى دىنىي ئەمەللەردە ئوتتۇراهال يول تۇتۇش كېرەك

ئىسلام دىنى بىزدىن ئوتتۇراهال يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ جەهەتتە «قۇرئان كەرىم» دە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمۇ بۇنى تەشەببۇس قىلغان.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّ الدِّينَ يُسْرٌ وَلَنْ يُشَادَّ الدِّيْنَ أَحَدٌ إِلاَّ غَلَبَهُ فَسَدِّدُوا وَقَارِبُوا وَأَبْشِرُوا وَاسْتَعِينُوا بِالْغُدْوَةِ وَالرَّوْحَةِ وشَيْءٍ مِن الدُّلْجَةِ اَلْقَصْدَ اَلْقَصْدَ تَبْلُغُوا ]

**"هەقىقەتەن دىن ئاساندۇر، دىندا قاتتىق يول تۇتۇشقا بولمايدۇ. كىمكى دىندا قاتتىق يول تۇتسا هۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي، ئىشلىرىدا يېڭىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئوتتۇراهال يول تۇتۇڭلار. مۇكەممەللىك قولۇڭلاردىن كەلمىسە، شۇنىڭغا يېقىنلىشىڭلار. ئۈمىدۋار بولۇڭلار، ئەتىگىنى، كەچقۇرۇنلۇقى ۋە كېچىنىڭ ئاز بىر قىسىم ۋاقىتلىرىدىن (ئىبادەت ئۈچۈن) پايدىلىنىڭلار. نورمال بولۇڭلار، نورمال بولۇڭلار، مەقسەتكە ئېرىشىسىلەر." (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبىرىمىز يەنە ئۆلىمالارنىمۇ ئوتتۇرا هال يول تۇتۇپ مېڭىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

[ يَا مَعْشَرَ الْقُرَّاءِ اِسْتَقِيْمُوا فَقَدْ سَبَقْتُمْ سَبْقًا بَعِيْدًا فَإِنْ أَخَذْتُمْ يَمِيْنًا وَشِمَالًا لَقَدْ ضَلَلْتُمْ ضَلاَلاً بَعِيْدًا.]

**”ئى «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇپ بىلگەن جامائەت! توغرا يولدا چىڭ تۇرۇڭلار، سىلەر باشقىلاردىن شۇ بىلىمگىلار بىلەن ئىلگىرىلەپ كەتكەن، سىلەر ئەگەر ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئېغىپ ماڭساڭلار، ئۇنداقتا زور ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىسىلەر.“ (بىرلىككە كەلگەن هەدىس)**

ئىمام غەززالى ئۆزىنىڭ «إِحْيَاءُ عُلُومِ الدِّينِ» (دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۇرۇش) دېگەن كىتابىدا: «هالال دائىرىسىگە تەۋە بولغان هەرخىل ئارزۇ-ئىستەكلەرنى تامامەن قاندۇرماسلىقمۇ بولمايدۇ هەم هەمىشە قاندۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ، بۇ يەردە ئوتتۇرا هال يولنى تۇتۇش لازىم. چۈنكى، هەممە ئىش نورماللىق بىلەن هاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. هەر قانداق ئىش ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئېغىپ كەتسە هەر ئىككىلىسى خاتا بولىدۇ...» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابە كىراملارنىڭ سۆز-هەرىكەتلىرى بىزگە شۇنى ئوقتۇرىدۇكى: هەممە ئىشتا مۆتىدىل بولۇش، چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىك ئەۋزەل، جۈملىدىن ئىبادەتلىرىمىزدىمۇ ئوتتۇرا هال يولنى تۇتۇش كېرەك.

مەسىلەن: مۇسۇلمانلار يەنە نامازنىمۇ ئوتتۇرا هال هالەتتە ئورۇندىشىمىز لازىم.

[عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كُنْتُ أُصَلِّيْ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الصَّلَوَاتِ فَكَانَتْ صَلاتُهُ قَصْداً وَخُطْبَتُهُ قَصْداً.]

**”ئەبۇ ئابدۇللا جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ: مەن نامازلارنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئوقۇيتتۇم، رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزى ۋە خۇتبىسى ئوتتۇرا هال (ئۇزۇنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس) ئىدى. دەيدۇ.“**

روزا تۇتۇشتىمۇ نورمال بولۇشىمىز لازىم.

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: نَهَاهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهِ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ الْوِصَالِ رَحْمَةً لَهُمْ فَقَالُوا: إِنَّكَ تُوَاصِلُ؟ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهِ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنِّيْ لَسْتُ كَهَيْئَتِكُمْ إِنِّيْ أَبِيْتُ يُطْعِمُنِيْ رَبِّيْ وَيَسْقِيْنِيْ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ رامىزاندا ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشنى توسقانىدى، ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتىلىغۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. چۈنكى مەن رىزىقلاندۇرۇلۇپ ۋە سۇغۇرۇلۇپ تۇرىمەن (يەنى رەببىم مېنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدۇ) دېگەن.“**

شۇڭا فەقىھ ـ ئۆلىمالار كېچە ـ كۈندۈز ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشنى مەكرۇھ دەپ بەلگىلىگەن.

## 2. تۇرمۇشىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئىشلاردىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش كېرەك

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئىسلام دىنىمىز ھەم ماددىي راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىشكە، ھەم تەركى دۇنيالىققا قارشى تۇرىدۇ، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشتىنىيوللۇق، مۇۋاپىق بەھرىمەن بولۇشىنى تەرغىب قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا، «ئوتتۇرا ھال يول» ئېڭىدا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىدۇكى:

﴿ يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ ﴾

**﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 185 ـ ئايەت)**

﴿ وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا ﴾

**﴿ ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىدۇ ﴾ (25 ـ سۈرە / فۇرقان 67 ـ ئايەت)**

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُحَرِّمُواْ طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللّهُ لَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾

**﴿ ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلماڭلار، بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشماڭلار. ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ ﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 87 ـ ئايەت)**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: ئۈچ ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىدىغان تائەت ـ ئىبادەتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ: ئاللاھ تائالا

رەســـۇلۇللاھنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرقى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن تۇرسـا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشــەلەيتتۇق؟ دېيىشــتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن ھەممىشــە كېچىسـى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن ھەممىشـە روزا تۇتىمەن، ھەرگىز ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن ئاياللاردىن يىراق تۇرىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇلارغا دېدىكى:

[أَنْتُمُ الَّذِيْنَ قُلْتُمْ كَذَا وَكَذَا أَمَا وَاللّٰهِ إِنِّيْ لَأَخْشَاكُمْ للهِ وَأَتْقَاكُمْ لَهُ لَكِنِّيْ أَصُوْمُ وَأُفْطِرُ وَأُصَلِّيْ وَأَرْقُدُ وَأَتَزَوَّجُ النِّسَاءَ فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِيْ فَلَيْسَ مِنِّيْ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”سىلەر مۇنداق، مۇنداق دەپسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن، (نەفلە) روزىنىمۇ بەزىدە تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسـى ھەم ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس.“**

«قۇرئـان كەرىم» ۋە «ھەدىس شـــەرىف» تە «ئوتتۇراھـال يول تۇتۇش» توغرىســدىكى بايانلار نۇرغۇن. مەســىلەن، باشـقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە، ئىسلام دىنى باشقىلارغا رەھىمدىل، كەڭ قورساق بولۇشنى، ھەممە يەردە ئوتتۇرا ھال بولۇشــقا كاپالەتلىك قىلىشـــنى، بۇ ئارقىلىق تىنچلىق مۇھىتنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى:

﴿ وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللّٰهِ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ﴾

**﴿ بىر يامانلىققا شـۇنىڭغا ئوخشاش بىر جازا بېرىلىدۇ، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسـا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ مۇناسـۋىتىنى) ياخشىلىسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوســـت تۇتمايدۇ﴾ (42 ـ سۈرە/ شۇرا 40 ـ ئايەت)**

﴿اَلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ﴾

**﴿ تەقۋادارلار باياشــاتچىلىقتىمۇ، تەڭقىســلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال ســەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى باسـالايدىغان، كىشـىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان ئادەملەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 134 ـ ئايەت)**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَنْ أَحَبَّ أَنْ يُزَحْزَحَ عَنِ النَّارِ، وَيَدْخَلَ الْجَنَّةَ، فَلْتَأْتِهِ مِنِيَّتُهُ وهُوَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ، وَلْيَأْتِ إِلَى النَّاسِ الَّذِيْ يُحِبُّ أَنْ يُؤْتَي إِلَيْهِ]

**"كىمكى دوزاختىن يىراقلاشتۇرلۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى ئارزۇ قىلسا، چوقۇم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنگە ئىشىنىشى كېرەك؛ كىمكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆزىمۇ كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ «ئوتتۇراھال يول تۇتۇش» توغرىسىدىكى ئىدىيەسى ۋە تەشەببۇسلىرى ناھايىتى كۆپ، «ئوتتۇراھال يول تۇتۇش» ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە سىڭگەن.

«ئوتتۇراھال يول تۇتۇش» تەشەببۇسى ئىسلام دىنىمىزدىكى بىر خىل ئالىي روھ بولۇپ، ئۇ يۈكسەك ئىنسانىيلىقنى ۋە چوڭقۇر ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلام دىنىمىز باشقىلارغا دوستانە، مېھرىبان، كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەر قانداق ئىشنى لايىقىدا قىلىشنى، قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى قىلىشنى، قىلىش بىلەن قىلماسلىقنىڭ چېكى بولۇشنى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

«ئوتتۇراھال يول تۇتۇش» ئىسلام دىنىنىڭ ھەر بىر مۇسۇلمانغا قويغان تەلىپى. ئەگەر بىر كىشى ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىدىغان «ئوتتۇراھال يول تۇتۇش» روھىدا تەربىيەلەنمەي، ئۇنىڭغا سەل قارىسا، ئىش بېجىرگەندە ياكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ياكى ئۆز يولىدا ئورۇندىيالماي قالىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇراھال ھال، ھەققانىي يولىدىن ئېغىپ كېتىپ قالىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەر دائىم «ئوتتۇراھال يول تۇتۇش» نى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەر قانداق ئىش، ھەر قانداق جايدا ئوتتۇرا يول تۇتۇشىمىز كېرەك.

﴿يَمُنُّونَ عَلَيْكَ أَنْ أَسْلَمُوا قُل لَّا تَمُنُّوا عَلَيَّ إِسْلَامَكُم بَلِ اللهُ يَمُنُّ عَلَيْكُمْ أَنْ هَدَاكُمْ لِلْإِيمَانِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾

**﴿ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) «ئەگەر سىلەر**

**ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، مىننەت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلسا بولىدۇ» دېگىن ﴾ (49 ـ سۈرە / ھۇجۇرات 17 ـ ئايەت)**

﴿فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلاَ تَطْغَوْاْ إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ بۇيرىغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ﴾ (11 ـ سۈرە / ھۇد 112 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِيْ عَمْرٍو سُفْيَان بْنِ عَبْدِ اللهِ الثَّقَفِيِّ رَضِيَ الله عَنْهُ قَالَ : قُلْتُ : يَا رَسُولَ اللهِ ، قُلْ لِيْ فِي الْإِسْلاَمِ قَوْلاً لاَ أَسْأَلُ عَنْهُ أَحَدًا غَيْرَكَ قَالَ : «قُلْ آمَنْتُ بِاللّٰهِ ، ثُمَّ اسْتَقِمْ] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”ئەبۇ ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلام دىنى توغرىسىدا سىلىدىن باشقا قايتا ھېچبىر ئادەمدىن سوراشقا ھاجەت بولمىغۇدەك بىر نەسىھەت بەرسىلە» دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ: «سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم، دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن» دېدى.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

روشەنكى، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن توغرا يول ئەنە شۇ «ئوتتۇرا ھال يول»دۇر.

ئەھلى جامائەت: «ئوتتۇراھال يول» ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ھىدايەت قىلىدىغان يولى، رەسۇلۇللاھنىڭ يولى، شۇنداقلا، ئىسلام دىنىمىزنىڭ يولىدۇر، بىز بۇ يولغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىز «قۇرئان كەرىم» نىڭ باش سۈرىسىدە بايان قىلغان:

﴿ اِهدِنَــا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَعَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّآلِّينَ ﴾

**﴿ سەن بىزنى ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان، يولۇڭدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ توغرا يولىغا باشلىغىن﴾ (1 ـ سۈرە / فاتىھە 6~7 ـ ئايەتلەر)**

دېگەن ئايىتى كەرىمىلەرنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەزلى ـ كەرىمى بىلەن بىزنى «ئوتتۇراھال يول» ــ ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يولىدا مېڭىشىمىزغا مۇشەررەپ قىلغاي، ئامىن!

# «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىشنىڭ ئاساسلىرى

## أساسيات في فهم القرآن الكريم

«قۇرئان كەرىم» ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئاللاھنىڭ روشەن نۇرى؛ ئاللاھ ئىنسانىيەتنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىدە ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادە بار ئىشقا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن قۇرئاننى نازىل قىلدى. ئۇ ئىلىم ـ مەرىپەت، بىر يۈرۈش كۆرسەتمە ۋە قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چوڭقۇر ئويلاپ، تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىش لازىم. ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا﴾

**﴿ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار﴾ (47 ـ سۈرە / مۇھەممەد 24 ـ ئايەت)**

بىز بۇ يەردە «قۇرئان كەرىم» نى توغرا چۈشىنىشتە تايىنىدىغان بىر قىسىم ئاساسلار بىلەن تونۇشىمىز، بۇ ئاساسلار مۇنۇلار:

**بىرىنچى: «قۇرئان كەرىم» نى ئۇنىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى تۈپ مەقسىتى بويىچە چۈشىنىش**

أولا: فهم القرآن الكريم وفقا للأهداف العامة من إنزاله

ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئالا «قۇرئان كەرىم» نى ئىنسانلارنى ھەققانىيەتكە ۋە ياخشىلىققا يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

﴿ إِنَّ هَـٰذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ ﴾

**﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 9 ـ ئايەت)** بۇ نىشان نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمى مۇنۇلار:

1. ئىنساننىڭ ئېتىقادىنى توغرىلاش، ئىلاھى زات، پەيغەمبەرلەر ۋە ئاخىرەت كۈنىگە قارىتا توغرا بولمىغان چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش.

2. تەپەككۇرنى خۇراپاتلىق، قۇرۇق خىياللاردىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ياخشىلاش ۋە تەپەككۇرنى دەلىل ـ پاكىتقا ئەمەل قىلىش ئاساسىدا تۈرغۇزۇلغان ئىلمىي پىروگراممىغا يېتەكلەش.

3. مەنىۋىلىكىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى ماختاشقا لايىق پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ئاساسىدا يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى ئەيىب ـ نۇقسان ۋە رەزىللىكلەردىن پاك قىلىش.

4. ئادىل بولۇش، مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان سىياسىي تۇرمۇش، پەزىلەت، ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، بىر ـ بىرىگە كېپىل بولۇش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىش، ئادىل تەقسىم قىلىش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىسلام دىنى ئۇممىتىنى بەرپا قىلىش.

بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» گە بولغان مۇئامىلىمىز، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئاساسلىنىلغان بولۇشى لازىم. ئاشۇنداق قىلىشىمىز قۇرئاننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساھەلەردىكى يېتەكچىلىكى كۆرسەتمىلىرىنى چۈشىنىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش، رېئال تۇرمۇشتا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈندۇر. بۇ نىشانلاردىن يىراقلىشىشقا بولمايدۇ. قۇرئاننى نوقۇل تىلاۋەت قىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىشىمىزگىمۇ بولمايدۇ.

**ئىككىنچى: بىر مەزمۇندىكى ئايەتلەرگە ئەتراپلىق قاراش**

ثانيًا: النظرة المشموليّة للآيات في الموضوع الواحد

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بەزى ئايەتلىرى بەزى ئايەتلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىر ئورۇندا چۈشەندۈرۈلمىگەن ئايەت يەنە بىر ئايەتلەردە چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا كۆزدە تۇتۇلغان مەنانىڭ ئوچۇق بولۇشى ئۈچۈن بەزى ئايەتلەرنى بەزى ئايەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئەھۋالدا بىزگە ئاشۇنداق چۈشىنىشنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى: ساھابىلەر ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُولَـٰئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ **﴿ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا كۇفرلىق ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە ئەمىنلىك باردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 82 ـ ئايەت)** بۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىدا، ئۇلار بۇ ئايەتتىكى «ظُلْمٌ» سۆزى كىچىك بولسىمۇ گۇناھ ـ مەئسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ـ دەپ ئويلاپ: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزدىن قايسى بىر كىشى ئۆزىگە زۇلۇم قىلمايدۇ.“ دېگىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”«ظُلْمٌ» **سۆزىنىڭ مەنىسى سىلەر دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ ـ شېرىك كەلتۈرۈش ـ دېگەن مەنىدە، سىلەر لۇقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ** ﴿ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّـهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ **﴿ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾ دېگىنىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟**

دېگەن.“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەنئام سۈرىسى» دىكى ئايەتنى «لۇقمان» سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ يورۇتۇپ بېرىشى ئاساسىدا چۈشەندۈردى. بۇنىڭ قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىشقا يېتەكلىدى.

تەكىتلەشكە تېگىشلىكى بىر ئىش شۇكى، قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ۋە ئورتاقلىقنى چۈشىنىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق ۋە ئىنچىكە كۆزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئۈچىنچى: «قۇرئان كەرىم» نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئاساسىدا چۈشىنىش**

ثالثا: فهم القرآن الكريم في ضوء السنة النبوية

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴾ ﴿**بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق**﴾ **(16 ـ سۈرە / نەھل 44 ـ ئايەت)** دېگەن سۆزى دەلىل بولغان ھالدا، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى قۇرئان ھۆكۈملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان، مەنىلىرىنى ئوچۇقلاشتۇرغان ھالدا كەلدى. «قۇرئان كەرىم» دىكى ھۆكۈملەر كۆپىنچە ئىخچام بايان قىلىش ئاساسىدا كەلدى. ھەدىس روشەنلەشتۈرۈش ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾ ﴿**نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار**﴾ **(2 ـ سۈرە / بەقەرە 43 ـ ئايەت)** دېگەن سۆزى ئاشۇنىڭ بىر مىسالى بولۇپ، ھەدىسلەر نامازنىڭ شەرتلىرى، تەركىبى قىسىملىرى، ۋاقتى، رەكئەتلىرىنىڭ سانىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا زاكاتنىڭ شەرتلىرى، ئۇنىڭ مىقدارى، ئۇنىڭ چىقىم قىلىنىشلىرىنى بايان قىلدى، لېكىن بەزى تەپسىر كىتابلىرىدا كەلگەن، ئىشەنچىلىكلىكى زەئىپ ھەدىسلەرگە تايىنىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

**تۆتىنچى: ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ تەپسىرىدىن پايدىلىنىش**

رابعًا: الانتفاع بتفسير الصاحبة والتابعين

ساھابىلەر قۇرئاننى چۈشىنىشكە ئەڭ يېقىنلاشقان كىشىلەر، چۈنكى ئۇلار ۋەھيى نازىل بولۇش بىلەن زامانداش بولۇپ ئۆتتى، قۇرئان ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن نازىل بولدى. تەپسىر قىلغاندا ساھابىلەر ۋە تابىئىنلاردىن ئېلىنغان نەقىللەرگە مۇئامىلە

قىلىشتا مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

1. «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەنىلىرى بايان قىلىنغان ۋە تەپسىر قىلىنغان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرى نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەر «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنچىكە ئويلانغانسېرى يېڭى مەنا ۋە دەلىللەرنى ھېس قىلىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىدىكى يەنە بىر تەرەپ.

2. ساھابىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ۋە ئىجتىھاتى بىلەن دېگەنلىرىنىڭ ئەھمىيىتى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سېلىشتۇرۇش، قاراپ چىقىش مۇمكىن بولىدىغان ئىنساني ئىجتىھات .

**بەشىنچى: قۇرئاننى ئەرەب تىلى ئاساسىدا چۈشىنىش**

**خامسا: فهم القرآن على أساس اللغة العربية**

«قۇرئان كەرىم» روشەن ئەرەب تىلى بىلەن نازىل بولدى، شۇڭا ئۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەشتە ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش شەكلىگە ماس كېلىدۇ. مۇپەسسىر قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا ئەرەب تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلىرى، ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرىگە تايىنىشى لازىم.

«قۇرئان كەرىم» نى ئەرەبلەرنىڭ تىلىدىن يىراق بولغان ۋە ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغان مەنالار بىلەن تەپسىر قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان ﴿فَاخْلَعْ نَعْلَيْكَ إِنَّكَ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى﴾ **﴿كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىداسەن﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 12 ـ ئايەت)** دېگەن سۆزىنىڭ «دۇنيا ئىشىنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ تاشلا» دەپ ئىرادە قىلىنغان مەنا بىلەن تەپسىر قىلىنىشىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ إِنَّ اللَّـهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا بَقَرَةً﴾ **﴿ ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 67 ـ ئايەت)** دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىمۇ ئاشۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى مەنىۋىيەتنى ھۇزۇر۔ ھالاۋەتتىن چەكلەش.

**ئالتىنچى: نازىل بولۇش سەۋەبلىرىگە دىققەت بىلەن قاراش**

**سادسًا: ملاحظة أسباب النزول**

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بەزى ئايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قويۇلغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىلگەن ياكى مۇسۇلمانلار باشتىن كەچۈرگەن ھادىسە، ۋەقەلەرگە باغلىق بولغان ھالدا نازىل بولدى، بۇ سوئاللار ۋە ۋەقەلەر نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

نازىل بولۇش سەۋەبلىرىگە دىققەت قىلىش، ئەيەت مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. ئايەت نازىل بولغان ئەھۋال ۋە شارائىتلارنى بىلىش شۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَائِرِ اللَّـهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَا﴾ **﴿سافا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 158 ـ ئايەت)** دېگەن سۆزى ئاشۇنىڭ مىسالى، ئايەتتىن ئىپادىلەنگەن زاھىر مەنا سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش ھەج قىلغۇچىغا ۋاجىپ بولمايدىغانلىقى، ئۇنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ھېچبىر تەڭلىك بولمىغان ئىشلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى خىيالغا كەلتۈرىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى سەئيى قىلىش ھاجىلارنىڭ تەرك ئېتىشى جائىز بولمايدىغان ئىشلاردىن بىرى.

بۇ ئايەتنىڭ توغرا مەنىسىگە ئۇنىڭ نازىل بولۇشىدىكى سەۋەب ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ھەج قىلغۇچىلار ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بۇتلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندە مۇسۇلمانلار سەئيى قىلىشنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇق ئىشلىرىدىن بىرى دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن سەئيى قىلىشتىن ساقلاندى، ئاشۇنىڭغا جاۋاب بولۇش ئۈچۈن بۇ ئايەت نازىل بولدى.

نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇشتا ئەھمىيىتى بولسىمۇ، لېكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى نازىل بولۇش سەۋەبى ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە كەلگەن ۋەقە بىلەن چەكلەپ قويماسلىقى لازىم. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ﴾ **﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان كىشىلەر﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 4 ـ ئايەت)** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى تۆھمەت قىلىدىغان ھەر بىر كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ

ئالىملارنىڭ «ئىبرەت سەۋەبنىڭ خاسلىقى بىلەن ئەمەس، لەۋزىنىڭ ئومۇملىقى بىلەن» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنا.

**يەتتىنچى: مۇپەسسىرلەر كەلتۈرگەن بەنى ئىسرائىل ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە ئېھتىيات بىلەن قاراش**

سَابعًا: الحذر من الإسرائيليات

قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى ئۇممەتلەر ھەققىدە سۆزلەشتىكى بىر پروگراممىسى ئۇلار خەۋەرلەرنى تىلغا ئالغاندا سۆزنىڭ تەركىبىدە ساۋاق ۋە ۋەز- نەسىھەت بارلىرى بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن زامانلارنى كەڭ تىلغا ئالمايدىغانلىقىدۇر. ئاشۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابى، قۇرئانغا ۋەقەلەر ئۆزىدىكى ساۋاقلار ۋە ئىبرەتلەر مىقدارىچىلار باغلىق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى غەيرى مۇسۇلمانلاردىكى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن، چۈنكى بۇ كىتابلار «قۇرئان كەرىم» تىلغا ئالمىغان نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى تىلغا ئالىدۇ. تەپسىر قىلىشتىكى خاتالىقلار بەنى ئىسرائىل خەۋەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان تەپسىلاتلارنى قوبۇل قىلىشقا كەڭ دائىرىدە ئىشىنىشتىن كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغىنى:

1. غار ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىتىنىڭ رەڭگى كەبى ھېچبىر پايدىسى بولمىغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش.

2. «يەرنى بىر ئۆكۈز مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ»، «زۆھرە يۇلتۇزى ئەسلىدە بىر ئايال ئىدى، كېيىن ئاللاھ ئۇنى ئاسماندىكى بىر يۇلتۇزغا ئايلاندۇرغان» دېگەندەك خۇراپاتلار ۋە سۆز- چۆچەكلەرنىڭ بەزى تەپسىر كىتابلىرىغا سىڭىپ كىرىشى.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان، ئۇلارغا يامان ئىشلارنى مەنسۇپ قىلىدىغان قىسسىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى خۇلاسىلىشىمىزغا بولىدۇكى، «قۇرئان كەرىم» نى ئىلمىي ۋە ساغلام يېتەكچى ئاساسىدا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى خاتا چۈشىنىشتىن ۋە چەتنەپ كېتىشتىن ساقلانغاندىلا قۇرئاننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ توغرا يولدا ماڭالايمىز.

# ئىسلام دىنى ۋە تەرەققىيات توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِّكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ ﴾

**﴿بىز ساڭا ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت، رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر بولغان كىتابنى نازىل قىلدۇق﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل89 ـ ئايەت)**

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾

**﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 3 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ئايان بولغىنىدەك، ئىسلام دىنى نازىل بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردىن بۈگۈنكى زامانىمىزغىچە بولغان 14 ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخى جەريان ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتەن بارلىق ئالەملەرنى ياراتقۇچى زات ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادەتكە يېتەكلەيدىغان ھاياتلىق مىزانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىلمي تەتقىقات نەتىجىلىرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئېيتىلغان ئىلاھى مۆجىزىلەردىن يىراق بولالمىدى. ئىنسانىيەت ئەقىل كۆزى بىلەن قۇرئان ـ ھەدىسكە نەزەر سالغىنىدا ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياج تەلەپلىرىنى قامدايدىغان ئىلاھى ئوزۇق ـ ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ تېگىرقاشلىرىغا قانائەتلىك جاۋاب مەنىلەرگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

دەرۋەقە، «قۇرئان كەرىم» دىن ئىبارەت ئىلاھى ۋەھيى كائىناتتىكى مەڭگۈلۈك مۆجىزە سۈپىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقاد، قانۇن ـ تۈزۈم، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىيەت، ئىقتىساد ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىنسان تۇرمۇشىدىكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭداشسىز دەستۇر بولۇپ كەلمەكتە.

يول باشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[ تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلُّوا مَا تَمَسَّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ اللهِ وَسُنَّةَ نَبِيِّهِ] (رَوَاهُ الْحَاكِمُ)

**”مەن ئاراڭلاردا مۇنداق ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ناۋادا سىلەر ئۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم» ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدىن ئىبارەت.“**

دېمەك: مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولغان تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ مەسىلە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىسلام ھۆكۈملىرىدە ۋە قائىدە ـ پرىنسىپلىرىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان گەۋدىلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىدىن مەلۇمكى، ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئەقلى ۋە ماددىيەت ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلەر، ئۆزلىرىنىڭ تۈپكى ئېھتىياجى ۋە ئەڭ يۇكسەك ئارزۇ تىلەكلەر ئاساسىدىكى بەختلىك تۇرمۇش، كۆڭۈللۈك ھايات ۋە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىققا چۆمگەن ئىجتىمائىيەت قاتارلىق مەنىلەردىن ئايرىلالىغان ئەمەس.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَافَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 208 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىنى «تېنچلىق» دەپ ئاتىغاندەك، بۇ ئىلاھى دىن ئوخشاش بولمىغان ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئىنسانىيەت تۈركۈمىنى مۇناسىپ ئۆلچەم پرىنسىپلار بويىچە ئورتاق مەسىلىلەردە ئىتتىپاقلىشىشقا، پەرقلىق مەسىلىلەردە ئىتتىپاقلىق شوئارى ئاساسىدا ئۆزلۈكنى ساقلاشقا يول قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوباً وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللهِ أَتْقَاكُمْ﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر**

**ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾ (49 ـ سۈرە / ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت).**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَدْ تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ ﴾

**﴿دىندا زورلاش يوقتۇر ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 256 ـ ئايەت)**

مانا بۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق چاقىرىقلىرىدۇر.

ئىنسانىيەت ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ كىشىلىك ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ تەقەززاسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ھايات سەھىپىلىرىگە بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ مۇراد ـ مۇددىئالىرىنى پۈتۈپ چىقىدۇ، شۇ نۇقتىدىنمۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە دۇنيا ۋە ئاخىرەت مەسىلىلىرى گويا قوشنىنىڭ بىر جۈپ قانىتىدەك ئايرىلماس بىر گەۋدە سۈپىتىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً﴾

**﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 201 ـ ئايەت)**

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا﴾

**﴿ ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن﴾ (28 ـ سۈرە / قەسەس77 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن شۇنى چۈشىنىپ يېتىش تەس ئەمەسكى، ئىسلام دىنىدا ھاياتلىق مەسىلىلىرى، ئالاھىدە مۇلاھىزە ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن، ھەمدە ئىنسانىيەتنى كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەش ۋە بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا چاقىرىق قىلغان، ئىسلامىيەتنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى دەل بىز يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن تۇرلۇك مەنىلەردىكى تەرەققىيات ئۇقۇمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

خوش! ئۇنداقتا ئىسلام دىنىدىكى تەرەققىياتقا دائىر ھۆكۈملەرنى ۋە ئىسلامنىڭ روھى ماھىيىتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق ئىزاھلاش كېرەك؟

«قۇرئان كەرىم» گە نەزەر سالغىنىمىزدا ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىش ماھىيىتى ھەققىدە ئېيتىلغان ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

**﴿ مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلىشۇن دەپلا ياراتتىم﴾ (51 ـ سۈرە / زارىيات 56 ـ ئايەت)**

﴿الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾

**﴿ ئۇ سىلەدىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر.﴾ (67 ـ سۈرە / مۇلك 2 ـ ئايەت)**

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُواْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاء وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىمەن» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان ئىنساننى (خەلىپە قىلىپ) يارىتامسەن؟ ھالبۇكى، بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 30 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەرنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، سىناق ـ ئىمتىھان، تائەت ـ ئىبادەت، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، زېمىندا ئىزباسار بولۇش قاتارلىق ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ سىر ھېكمەتلىرىگە ئىزاھ بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز، يەنى مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ روھي ـ ماھىيىتى تەتقىقات تېمىمىز بولغان تەرەققىيات، جۈملىدىن مەزكۇر ئاتالغۇغا بەرگەن ئىزاھ ۋە شەرھلەر بىلەن سېلىشتۇرما ئاساسىدا ئىزدەنگەندە ئاللاھنىڭ ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىنئامنى ئىنسانلارغا پەقەت ھاياتلىق ماھىيىتى تەقەززاسى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈش، گۈزەل تۇرمۇش

بەرپا قىلىش، بۇ خىل گۈزەل تۇرمۇش ئارقىلىق مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلەش مەقسىتىدە تەقدىم ئەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا تەرەققىيات سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كۈچ چىقىرىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئىسلامدىكى ئومۇمىي ئىبادەت ھۆكۈملىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، جۈملىدىن ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرۈش، قەلبىنى رىيا ـ ھەسەتلەردىن پاكلاش ھەمدە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇھىم مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭمۇ زۆرۈر كاپالەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْعَصْرِ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾

**﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە بولىدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾ (103 ـ سۈرە / ئەسر 1~3 ـ ئايەت)**

دېمەك: ھەر بىر ئىنسان ئاللاھ بەلگىلىگەن ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلمىغاندا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ۋە باياشات تۇرمۇشتىن مەھرۇم قالغاندىن سىرت ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشقا دۇچار بولىدۇ. ئەكسىچە ھاياتلىق مىزانىغا ئەمەل قىلىپ، ھەققە بويى سۇنغىنىدا ئۇ چوقۇم بەختلىك تۇرمۇش ئىچىدە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغان ئىلگىرىكى بىر قىسىم ئۇممەتلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھ چۈشۈرۈپ بەرگەن دىنغا ئىشەنمەسلىك سەۋەبىدىن زېمىندا ياشاش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ دۇنيادىن ئېچىنىشلىق ھالدا يوقالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈلۈك يوقىلىشى پەقەت ئاللاھقا بولغان ئېتىقاد ۋە تونۇشتىن خالى بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق جەريانىدا تۈرلۈك ھاياتلىق مىزانلىرىغا، ئەخلاقى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلماي، ئەكسىچە زېمىندا تۈرلۈك شەكىلدىكى بۇزۇقچىلىق ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى يولسىز قىلمىشلار، جۈملىدىن ئىنسانىيەت ماھىيىتىگە

خىلاپ قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان، بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ۋە تەرەققىيات ئەلۋەتتە، ئۇلار دەپسەندە قىلغان هايات مۇئەممالىرىنىڭ بىرى هېساپلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوْلاَ دَفْعُ اللّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ﴾

**﴿ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابىلىككە ئايلىناتتى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 251 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ قَالُواْ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ أَلا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَـكِن لاَّ يَشْعُرُونَ﴾

**﴿ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «بىز پەقەت ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 11 ـ ، 12 ـ ئايەت)**

يېقىنقى زامان ۋە هازىرقى زامان ئىنسانىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ هەقتىكى مىساللار تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. 16 ـ ئەسىردە ياۋروپا دۇنياسىدا يۈز بەرگەن چۇما كېسىلى، ئىككى قېتىملىق دۇنيا خاراكتېرلىك بالايى ـ ئاپەتلىك ئۇرۇش، ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلەي دەپ قالغان سارس كېسىلى ۋە ئىنسانىيەتنى پات ـ پاتلا ساراسىمىگە سالىدىغان يەر تەۋرەش ئاپەتلىرى، شۇنىڭدەك تارىختا تەكرار كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان تەبىئىي هادىسىلەر جۇملىدىن پۈتكۈل دۇنيا خەلقى بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ كېلىۋاتقان، لېكىن ئۈزلۈكسىز يوقىتىشقا قادىر بولالمايۋاتقان ئەيدىز كېسىلى قاتارلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ هەددىدىن ئاشقان كۇفۇرانە قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟.

لېكىن شۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەككى بىر قىسىم گۇناھ مەئسىيەتلەردىن دەرهال يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقمىغانلىقى هەرگىزمۇ ئۇنىڭ خېيىم ـ خەتەردىن خالى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّـهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَابَّةٍ وَلَـٰكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰ أَجَلٍ مُّسَمًّى ﴾

**﴿ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن دەرھال جازالايدىغان بولسا ، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرىدۇ﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 61 ـ ئايەت)**

دېمەك: كىشىنىڭ توغرا بولغان ئىسلام ئېتىقادى يۆنىلىشىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى تەرەققىيات ـ گۈللىنىشتىن دېرەك بەرسە، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى ھالدا ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشسە چوقۇمكى ئۇ ھالاكەت، يوقىلىش گىردابىغا قاراپ ماڭغان بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنغان سىر ـ ھېكمەت ۋە مۆجىزە تېمىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە ئەقىل كۆزىمىزنى ساغلام ئېتىقادىمىزنىڭ روشەن نۇر ـ جۇلالىرى بىلەن يورۇتۇپ رېئاللىقىمىزغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنى تارىختىن ئۆن ـ تىنسىز يوقىلىپ كېتىش ياكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرۇلۇشتىكى ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە زالالەتتىن يېنىپ ھىدايەتكە قايتىشقا چاقىرىق قىلغان جاراڭلىق ئىدالىرى قۇلاق تۈۋىمىزدە ئاڭلانماقتا.

بىز مانا مۇشۇ تەخىرسىز مىنۇتلاردا ئۆزىمىز، جەمئىيىتىمىز، ۋە كەلگۈسىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز. مانا بۇ ئويلىنىش ۋە جەمئىيەت ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى جىددىي تېرىشچانلىقلار بىز ئۇممەتنىڭ زىممىسىدىكى بىردىن ـ بىر ئىلاھى چاقىرىقنىڭ يالدامىسى، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات بولسا زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىيەت تەقەززالىرىنىڭ بىرىدۇر، بىز شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانىيەت موھتاج بولۇۋاتقان ھايات پەلسەپەلىرى ۋە سىر ـ ئەسرالىرى توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىلاھى خىتابلىرى ئارىسىدا تۇرۇپ ئىزدىنىشكە ۋە دەۋرى ساداسىغا نىسبەتەن ھەقىقەت مەپكۇرىسىنى جاكارلاشقا ھەقلىقمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا**

**چىقىرىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنْ أُرِيدُ إِلاَّ الإِصْلاَحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلاَّ بِاللّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾

**﴿مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن. مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن. (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾ (11 ـ سۈرە / ھۇد 88 ـ ئايەت)**

ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونجى بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىسلامىيەت تارىخىدا جۇملىدىن ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ، ئۆن تىنىسىز كۈرەش قىلغان ئەنە شۇ تارىخى سەھىپىلىرى بىلەن تونۇپ يېتەلەيمىز.

توغرا، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەرەققىيات ـ ئېتىقاد، غايە، ئىرادە، شىجائەت، بىلىم ـ ساپا، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق ، كۈچ ـ قابىلىيەت قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقىنىمىزدا؛ ئىسلام شۇنداق بىر دىنكى، ئۇ تەن بىلەن روھ، ئېتىقاد بىلەن ئەمەل، ئاللاھ بىلەن شەخس ، شەخس بىلەن جەمئىيەت ، ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت، سەۋەب بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەتنى يۈكسەك دەرىجىدە تەكىتلىگەن.

مانا بۇ ھەقىقىي سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئاساسى كاپالەتلىرىدىن ئىبارەت.

بىز ساغلام ئېتىقاد، ھەقىقىي ئىمانىمىز ئارقىلىق تىلەكلىرىمىزگە يېتەلەيمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. يول باشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ الْإِيمَانُ بِضْعٌ وَسِتُّونَ شُعْبَةً فَأَفْضَلُهَا قَوْلُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَدْنَاهَا إِمَاطَةُ الْأَذَى عَنْ الطَّرِيقِ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**”ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بولسا، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاشتۇر.“ (ئىمام**

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مانا مۇشۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئىش كۆرگەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەر بىلەن سۈپەتلىنىشكە ھەقلىقتۇر.

ئەلۋەتتە ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىغا ماددىيەت ۋە روھىي دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەت يۇرتىنى نىشان قىلغان ئاساستا دۇنيا ھاياتىلىقىدىن مەنپەئەتلىنىشكە ۋە ئۆزىنىڭ تۇرلۇك تەبئى ۋە ئىجتىمائىي تەلەپلىرىنى مۇناسىپ ئامىللار بىلەن قاندۇرۇشقا چاقىرىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مۇسۇلماننىڭ بارلىقى، ھاياتى ئاللاھقا تەۋەدۇر، ئۇنىڭ ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلىگەن ئاساستا قىلغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىبادەتتۇر، دېمەك ئۆز پەرۋەردىگارىدىن دۇنيا ھاياتىدا ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ئاتا قىلىشنى تىلىگەن مۆمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك ئىنسانىي ئېھتىياجلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى پەرۋەردىگارى بېكىتكەن يوللار ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە تىرىشىدۇ.

ئۇنىڭ قەلبىدە ئىمان، قولىدا قۇرئان، ئىش ـ پائالىيىتىدە ئېھسان ـ ئىخلاسلار ئەكسى ئېتىدۇ، ئۇلار ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئۇلار يەنە ئىتتىپاقلىق ئىناقلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىگە خالىسانە ياردەم قىلىشىدۇ، ئۇلاردا خىيانەت، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك بولمايدۇ، ئۇلار ھەرقاچان كائىنات سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، يەنە ئۇلار ئاللاھ ئىنسانىيەت ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن پايانسىز نېمەتلەردىن، ئىلاھى كارامەتلەردىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا ئۈن ـ تىنسىز پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ماكانى بولغان بۇ يەرشارىنى گۈللەندۇرىدۇ، بۇ ھاياتلىقتىن ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا ھۇزۇر سۈرىدۇ، ئۆز جەمئىيىتى، خەلقى ئۈچۈن تەر تۆكىدۇ، قېرىنداشلارچە ساپ ـ سەمىمىي ساداقەت بىلەن بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، زېمىندا ھاكاۋۇرلارچە ماڭمايدۇ، بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلىمەيدۇ، گۈزەل ـ ئەمىن تۇرمۇش، سەمىمىيەت، مېھرى ـ مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ھاياتلىق نىشانى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِيناً وَيَتِيماً وَأَسِيراً﴾

**﴿ئۇلار ئۆزى مۇھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾ (76 ـ سۈرە / ئىنسان 8 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ تَرَى الْمُؤْمِنِينَ فِي تَرَاحُمِهِمْ وَتَوَادِّهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ كَمَثَلِ الْجَسَدِ، إِذَا اشْتَكَى عُضْوًا تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ جَسَدِهِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"سەن مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۆيۈنۈشى ۋە ھېسداشلىقىدا گويا بىر تەنگە ئوخشاش كۆرىسەن، ئەگەر تەندىكى بىرەر ئەزا ئاغرىسا بارلىق ئەزالار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتمىدا تەڭ ئازاب چېكىدۇ." (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

مانا بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق پەلسەپەسى، دۇنيا قارىشى، تەرەققىيات قارىشى ۋە ئىناق جەمئىيەت قارىشى، ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان تالاي نەرسىلەر ۋە ئۇلارغا ئېنىقچە قارىتىلغۇ بولۇپ كەلگەن تۇرلۇك سىر ـ ھېكمەتلەر يەنىلا قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئىلاھى ئىپادىلىرىدە تۇمانلىق كىشىدىكى تولۇن ئايدەك زاھىر بولۇپ تۇرماقتا، مانا بۇ ھاياجانلىق ئىپادىلەرنى قۇرئان بىلەن ئىسپاتلاش تامامەن مۇمكىن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي للهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 162 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَى وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى﴾

**﴿(ئى ئادەم ئەۋلادى!) ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ. كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمدىن يۈز ئۆرىيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور ھالەتتە تىرىلدۈرىمىز﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 123 ـ ،124 ـ ئايەت)**

مانا ئايەتنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەمەلىيىتى ۋە مەزمۇنىنى مىلادىيە

8 ـ ئەسىرلەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بۈيۈك ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن دەلىللەشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسى ئىختىرالىرى بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى، كىشىلەردىكى ئاڭ ـ ئېتىقاد، پەن ـ تېخنىكىدىكى يېڭىلىق ۋە ئىسلاھاتنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان تەرەققىيات توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرىمىز ئىسلام ھەقىقەتلىرى ۋە روھى ماھىيەتلىرىدىن بىر تامچە خالاس.

بىز ئىسلام ئارقىلىق تەرەققىيات ئۇقۇمىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەندەك، يەنە ئىسلام ئارقىلىق تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە ئىشەنچىمىز كامىل.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعَدَ اللَّـهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

**﴿ ئاللاھ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى.** (ئاللاھ ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى) **«ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ». شۇنىڭدىن كېيىن كافىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر». ( 24 ـ سۈرە / نۇر 55 ـ ئايەت)**

ئاخىردا ئۇلۇغ ئاللاھتىن ھەر ـ بىرىمىزنى توغرا يول ئۈستىدە قىلىشنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشنى سورايمىز.

**(ئۈرۈمچى شەھەرلىك بۇلاقتاغ رايونلۇق لىۋداۋان مەسچىتى ئىمامى مەمتىمىن خۇدابەردى داموللامنىڭ مەملىكەتلىك دىنى ئىشلار ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ئىسلام دىنى ساھەسىدە شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش بويىچە تايانچ دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشقاندىن كېيىنكى ئىلمىي ماقالىسى. )**

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىملىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1](ئىمان ھەققىدە)

8. عَنْ أَبِي وَاقِدٍ اللَّيْثِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ ﷺ بَيْنَمَا هُوَ جَالِسٌ فِي الْمَسْجِدِ وَالنَّاسُ مَعَهُ إِذْ أَقْبَلَ ثَلاَثَةُ نَفَرٍ فَأَقْبَلَ اثْنَانِ إِلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ وَذَهَبَ وَاحِدٌ قَالَ فَوَقَفَا عَلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ فَأَمَّا أَحَدُهُمَا فَرَأَى فُرْجَةً فِي الْحَلْقَةِ فَجَلَسَ فِيهَا وَأَمَّا الْآخَرُ فَجَلَسَ خَلْفَهُمْ وَأَمَّا الثَّالِثُ فَأَدْبَرَ ذَاهِبًا فَلَمَّا فَرَغَ رَسُولُ اللهِ ﷺ قَالَ :"أَلاَ أُخْبِرُكُمْ عَنِ النَّفَرِ الثَّلاَثَةِ أَمَّا أَحَدُهُمْ فَأَوَى إِلَى اللهِ فَآوَاهُ اللهُ وَأَمَّا الآخَرُ فَاسْتَحْيَا فَاسْتَحْيَا اللهُ مِنْهُ وَأَمَّا الآخَرُ فَأَعْرَضَ فَأَعْرَضَ اللهُ عَنْهُ".

‘‘ئەبۇ ۋاقىد لەيسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر ئۆزى بىلەن بىللە بولغا ھالدا مەسچىتتە ئولتۇرۇۋاتقىنىدا توساتتىن ئۈچ ئادەم كىرىپ كەلدى، ئىككىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىگە يۈزلىنىپ كەلدى، بىرى كېتىپ قالدى. ئۇ (ئەبۇ ۋاقىد) مۇنداق دېدى: ئىككىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىنىڭ يېنىدا تۇردى، ئەمما ئۇ ئىككىسىدىن بىرى ھالقىسىمان ئىلىم سورۇنىدا بىر بوش ئورۇننى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭدا ئولتۇردى؛ ئەمما يەنە بىرى ئۇلارنىڭ كەينىدە ئولتۇردى؛ ئەمما ئۈچىنچىسى كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىكار بولغاندا مۇنداق دېدى: «ئەمدى سىلەرگە ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرەي؛ ئۇلاردىن بىرى ئاللاھتىن پاناھ جاي تىلىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا جاي بەردى؛ ئەمما يەنە بىرى (جامائەتنى قىستاشتىن) ئۇيالدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى. ئەمما قالغان بىرى (رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدىن) يىراقلاشتى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن مەرھەمىتىنى يىراقلاشتۇردى.‘‘

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

كان المسجد النبوي بالمدينة المدرسة الأولى في الإسلام، وكان صلى الله عليه وسلم يجلس فيه في أوقات الفراغ، يجتمع مع أصحابه، يقرأ عليهم ما ينزل من القرآن ويعلمهم أمور دينهم، ويتخولهم بين الحين والحين بالموعظة والرقاق والآداب. وكان المسجد مطروقا بين طريقين، وجزؤه غير المسقوف يصل بين جهتين بدون أبواب، فكان بعض الناس يمر به إذا انتقل من الجهة إلى الأخرى وبينما كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعلم أصحابه بالمسجد، دخل ثلاثة من الرجال دخلوا يمرون في طريقهم إلى الجهة الأخرى.

---

[1] «المنهل الحديث في شرح الحديث» دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

مەدىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى مەدرىسە ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوش ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ساھابىلىرى بىلەن جەم بولۇپ ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم» دىن نازىل بولغانلىرىنى ئوقۇپ بەرگەچ ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئۆگەتكەچ ئولتۇراتتى ۋە ئۇلارغا پات ـ پات ۋەز نەسىھەت قىلاتتى، كۆڭۈللەرنى يۇمشىتىدىغان سۆزلەرنى قىلاتتى، ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. مەسچىت ئىككى يول ئارىسىدىكى كىشىلەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ ئىككى تەرەپ يولنى ئىشىكسىز تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتكىنىدە مەسچىت بىلەن ئۆتەتتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىغا مەسچىتتە تەلىم بېرىۋاتقىنىدا يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈش يولىدا ماڭغاچ كەلگەن ئۈچ ئادەم كىردى.

فلما وصلوا عند الحلقة، رغب أحدهم في الجلوس، فوجد في الحلقة مكانا خاليا يكفيه، فجلس فيه، وتردد الثاني في الجلوس، إن له مصلحة خرج يقضيها، أيذهب إليها؟ ويستمر في مشيه؟ أم يجلس كما جلس صاحبه؟ وبعد خطوات بعد بها عن الحلقة استحيا من نفسه، واستحيا أن يعاب من صاحبه ومن الصحابة الجالسين مع رسول الله صلى الله عليه وسلم، فعاد فجلس خلف الحلقة، حيث لم يجد فرجة كما وجد الأول، وأما الثالث فلم يتردد في الانصراف إلى مصلحته، والإعراض عن مجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم.

ئۇلار ھالقىسىمان ئىلىم سورۇنىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگىنىدە ئۇلاردىن بىرى ئولتۇرماقچى بولدى، ئۇ ھالقىسىمان ئىلىم سورۇنىدا ئۆزىگە چۇشلۇق بىر بوش ئورۇننىڭ بارلىقىنى بىلدى ـ دە، ئۇنىڭدا ئولتۇردى. ئىككىنچىسى ئولتۇرۇشتا ئارىسالدى بولدى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئورۇنلىماقچى بولۇپ سىرتقا چىققان بىر مەنپەئەتى بار ئىدى، ئۇ ئۇ (مەنپەئەت) نىڭ يېنىغا بارامدۇ ۋە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرامدۇ؟ ياكى ھەمراھى ئولتۇرغاندەك ئولتۇرامدۇ؟ ھالقىسىمان ئىلمىي سورۇندىن يىراقلىشىپ ماڭغان بىر قانچە قەدەمدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن خىجىل بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەمراھى تەرىپىدىن ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ساھابىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشتىن خىجىل بولدى. قايتىپ باردى، ئۇ بىرىنچىسى تاپقاندەك بوش ئورۇن تاپالمىغان ھالدا ئىلمىي سورۇننىڭ كەينىدە ئولتۇردى. ئەمما ئۈچىنچىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە قاراپ مېڭىشتا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتا ئارىسالدى بولمىدى.

ورأى رسول الله صلى الله عليه وسلم النفر الثلاثة، ورآهم الجالسون في الحلقة، وثارت في نفوسهم تساؤلات عن حكم الشريعة فيهم. فلما انتهى صلى الله عليه وسلم من عظته قال: أخبركم عن النفر الثلاثة الذين رأيتموهم؟ أما الأول فقد لجأ إلى الله، وإلى العلم، فاحتضنه الله برعايته ورضوانه، وأما الثاني فقد غلبه الحياء، فنال رحمة الله وعفوه، وأما الثالث فاستغنى فاستغنى الله عنه، ومن يستغن الله عنه فقد حرم الخير كله، وكان من المغضوب عليهم والآثمين المطرودين.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۈچ ئادەمنى كۆردى، ھالقىسىمان ئىلمىي سورۇندا ئولتۇرغانلارمۇ ئۇلارنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە شەرىئەتنىڭ ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىشى ھەققىدە سوئال سوراشلار پەيدا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز ـ نەسىھەتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا مۇنداق دېدى: سىلەرگە

سىلەر كۆرگەن ئۈچ ئادەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئەمما بىرىنچىسى ئاللاھتىن پاناھ تىلىدى ۋە ئىلىمگە ئىلتىجا قىلدى، ئاللاھ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە رازىلىقى بىلەن ئۇنى ئۆز ھىمايىسىدە قىلدى، ئەمما ئىككىنچىسىدە خىجىل بولۇش غالىب كەلدى-دە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەمما ئۈچىنچىسى ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىدى، ئاللاھ ئۇنى مەرھەمىتىدىن يىراقلاشتۇردى. كىمنى ئاللاھ مەرھەمىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ ۋە ئۇ غەزەپكە ئۇچرىغانلارنىڭ جۈملىسىدىن، رەھمەتتىن يىراق قىلىنغان گۇناھكارلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

(بينما هو جالس) يعظ الناس ويعلمهم، و"بينما" أصله "بين" ظرف زمان زيدت عليه "ما" وقد تزداد الألف، فيقال "بينا" وهو ملازم للإضافة إلى جملة ويحتاج إلى جواب هو العامل فيه، إذا لم يكن في الجملة لفظ المفاجأة فإن وجد فالعامل معنى المفاجأة.

«بَيْنَمَا هُوَ جَالِسٌ» (ئۇ ئولتۇرۇۋاتقىنىدا): كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغاچ ۋە ئۇلارغا تەلىم بەرگەچ ئولتۇرۇۋاتقىنىدا؛ « بَيْنَمَا » نىڭ ئەسلىسى « بَيْنَ » ۋاقىت رەۋىشى « بَيْنَ » گە « مَا » ئارتۇق قوشۇلغان؛ «ألف» ئارتۇق قوشۇلۇپ «بَيْنَا» بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ بىر جۈملىگە ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ قوشۇلۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئەگەر جۈملە تەركىبىدە تاسادىپلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولمىسا ئۇ ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن ئىبارەت جاۋابقا ھاجەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇ (تاسادىپىيلىق مەنىسىدىكى سۆز) بولسا تەسىر كۆرسەتكۈچى (اَلْعَامِلُ) تاسادىپىيلىق مەنىسى بولىدۇ.

(والناس معه) الجملة في محل نصب حال من الضمير في "جالس."

« وَالنَّاسُ مَعَهُ » (كىشىلەر ئۆزى بىلەن بىللە بولغان ھالدا) جۈملە ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كېلىشتە؛ «جَالِسٌ» نىڭ تەركىبىدىكى كىشىلىك ئالماشنىڭ ھالىتى.

(إذ أقبل ثلاثة نفر) "إذ" فجائية، ومعناها هو عامل النصب في "بين" والتقدير فاجأه ثلاثة نفر بين هو جالس، أي وقت جلوسه، والنفر بفتح النون والفاء اسم جمع، لهذا وقع تمييزا لجمع، ويطلق على جماعة من الرجال ليس فيهم امرأة، ويقع على العدد من ثلاثة إلى عشرة، والإضافة بيانية، إضافة تمييز مبين، أي ثلاثة هم نفر. وكان إقبالهم من باب المسجد مارين بمجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم، وكان للمسجد بابان متقابلان يمر به المارة ويطرقونه كالشارع.

« إِذْ أَقْبَلَ ثَلاَثَةُ نَفَرٍ » (تۇساتتىن ئۈچ ئادەم كىرىپ كەلدى.) «إِذْ» (تۇساتتىن، تۇيۇقسىز، بىردىنلا) تاسادىپلىق مەنىسىدىكى سۆز. ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى «بَيْنَ» نىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكۈچىدۇر. قىياس قىلىنىشى: «ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان ئارىلىقتا، يەنى ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا ئۈچ ئادەم تۇيۇقسىز كەلدى». «ن» ۋە «ف» پەتھەلىك كەلگەن، «نَفَرٌ» سۆزى كۆپلۈك مەنىدىكى ئىسىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆپلۈك ساندا كېلىدىغان پەرقلەندۈرگۈچى بولۇپ كەلدى. «نَفَرٌ» سۆزى بىلەن ئارىسىدا ئايال بولمىغان ئەرلەر توپى ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۈچتىن ئونغىچە بولغان سانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئىزاپەتلىك بىرىكمە بايان خاراكتېرىدىكى ئىزاپەتلىك بىرىكمە، «ئۇلار ئەرلەردىن ئىبارەت

ئۈچ كىشى» دېگەن بايان مەنىسىدىكى پەرقلەندۈرگۈچى بىلەن كەلگەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە. ئۇلارنىڭ كىرىپ كېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ھالدا مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىن بولغانىدى. مەسچىتنىڭ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئىشىكى بار ئىدى. ئۆتكۈچىلەر مەسچىت بىلەن ئۆتەتتى، ئۇلار ئۇنى كوچىغا ئوخشاش يول قىلىۋالغانىدى.

(فأقبل اثنان إلى النبي صلى الله عليه وسلم) هذا إقبال آخر غير الأول، والمقصود منه هنا توجههما إلى مجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم، ففي حديث أنس "فإذا ثلاثة نفر يمرون فلما رأوا مجلس النبي صلى الله عليه وسلم أقبل إليه اثنان منهم واستمر الثالث ذاهبا."

« فَأَقْبَلَ اثْنَانِ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ » (ئىككىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىگە يۈزلىنىپ كەلدى) بۇ (أَقْبَلَ پېئىلى) بىرىنچىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا «يۈزلىنىپ كېلىش» مەنىسىدە، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلغىنى- ئۇ ئىككىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە يۈزلىنىشى، ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «توساتتىن ئۈچ ئادەم ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىنى كۆرگىنىدە ئۇلاردىن ئىككىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى، ئۈچىنچىسى مېڭىۋەردى.»

(فوقفا على رسول الله صلى الله عليه وسلم) في الكلام مضاف محذوف، أي على مجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم أو "على" بمعنى "عند."

« فَوَقَفَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ » (ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىنىڭ يېنىدا تۇردى) جۈملىدە چۈشۈپ قالغان ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بار، يەنى «عَلَى مَجْلِسِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ» بولۇپ «مَجْلِس» (سۆھبەت) سۆزى چۈشۈپ قالغان. ئالدى قوشۇلغۇچى «عَلَى» بولسا «عِنْدَ» مەنىسىدە كەلگەن.

(فأما أحدهما فرأى فرجة في الحلقة) "أما" حرف تفصيل، تجب الفاء في تلو تاليه "فرأى" و"الفرجة" بضم الفاء وفتحها هي الخلاء بين الشيئين و"الحلقة" بإسكان اللام وحكي فتحها، كل شيء مستدير خالي الوسط والجمع حلق بفتح الحاء واللام.

« فأما أحدهما فرأى فرجة في الحلقة » (ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ھالقىسىمان ئىلىم سورۇنىدا بىر بوش ئورۇننى كۆردى) «أَمَّا» تەپسىلىي بايان مەنىسىدىكى قوشۇمچە؛ ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگۈچى (فرأى) كەينىدىن كەلگىنىدە «ف» كېلىشى لازىم بولىدۇ. «ف» دەممىلىك (فُ) ياكى پەتھەلىك (فَ) كەلگەن «فُرْجَةٌ» ياكى «فَرْجَةٌ» ئىككى نەرسە ئارىسىدىكى بوشلۇق، بوش جاي دېگەن مەنىدە. «ل» سۈكۈنلۇق ۋە پەتھەلىك ئېيتىلىپ كەلگەن «اَلْحَلْقَةُ» ياكى «اَلْحَلَقَةُ» ئوتتۇرىسى بوش يۇمىلاق ھەر بىر شەيئى، يەنى چەمبەر، دۈگىلەك ھالقا، دائىرە قاتارلىقلاردۇر. ئۇنىڭ كۆپلۈك سانى «ح» ۋە «ل» پەتھەلىك كەلگەن «حَلَقٌ» بولىدۇ.

(وأما الآخر فجلس خلفهم) ضمير الجمع للحلقة باعتبار مكونيها من الصحابة.

« وَأَمَّا الآخَرُ فَجَلَسَ خَلْفَهُمْ » (ئەمما يەنە بىرى ئۇلارنىڭ كەينىدە ئولتۇردى) كۆپلۈك سـانىدىكى كىشىلىك ئالماش (هُمْ) هالقىسمان ئىلىم سورۇنىنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر ساھابىلەر دەپ قارالغانلىقتىن «اَلْحَلْقَة» نىڭ قايتقۇچى ئالمىشى بولىدۇ.

(وأما الثالث فأدبر ذاهبا) "ذاهبا" حال مؤكدة، حيث إن المراد من الإدبار الذهاب، وقيل المراد من الإدبار هنا الإعراض عن المجلس، فذاهبا حال مؤسسة، وقيل معنى "ذاهبا" مستمرا في ذهابه، فتكون حالا مؤسسة أيضا.

« وَأَمَّا الثَّالِثُ فَأَدْبَرَ ذَاهِبًا » (ئەمما ئۈچىنچىسى كېتىپ قالدى) «ذَاهِبًا» تەكىت ھالىتى (حَالٌ مُؤَكَّدَةٌ). چۈنكى «أَدْبَرَ إِدْبَارًا» (قايتتى، داجىدى) دىن ئىرادە قىلىنغىنى «ذَهَبَ ذِهَابًا» (كېتىش). بۇ يەردە يەنە «أَدْبَرَ إِدْبَارًا» دىن ئىرادە قىلىنغىنى (سورۇندىن يىراقلىشىش) مۇ دېيىلدى. ئۇنداقتا «ذَاهِبًا» بايان ھالىتى (حَالٌ مُؤَسَّسَةٌ) بولىدۇ. «ذَاهِبًا» نىڭ مەنىسى «ئۆزىنىڭ مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا» بولىدۇ، دېيىلدى. ئۇنداقتا «ذَاهِبًا» يەنە بايان ھالىتى بولىدۇ.

(فلما فرغ رسول الله صلى الله عليه وسلم) أي من موضوع عظته ودرسه.

« فَلَمَّا فَرَغَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ » (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىكار بولغاندا) يەنى ۋەز- نەسىھەت ۋە دەرس مەزمۇنىدىن بىكار بولغىنىدا.

(ألا أخبركم عن النفر الثلاثة) "ألا" هي همزة الاستفهام الإنكاري بمعنى النفي، دخلت على "لا" النافية، ونفي النفي إثبات، فآل المعنى إلى: أخبركم عن النفر الثلاثة، وفائدتها على هذا التنبيه إلى أهمية ما بعدها. وفي الكلام مضاف محذوف، أي عن أحوال النفر الثلاثة.

« أَلاَ أُخْبِرُكُمْ عَنِ النَّفَرِ الثَّلاَثَةِ » (ئەمدى سىلەرگە بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟) «أَلاَ» دا بولۇشسىز مەنىدىكى قايتۇرما سوراقنى ئىپادىلىگۈچى ھەمزە بولۇشسىز مەنىلىك «لاَ» غا قوشۇلدى، ئىنكارنى ئىنكار قىلىش بولۇشلۇق مەنىدۇر. مەنە: «مەن سىلەرگە ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىمەن» دېگەنگە بارىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن «أَلاَ» نىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئۆزىنىڭ كەينىدىكى ئىبارىنىڭ مۇھىملىقىغا دىققەتنى قارىتىش. جۈملىدە چۈشۈپ قالغان ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بار. يەنى «عَنْ أَحْوَالِ النَّفَرِ الثَّلاَثَةِ» دىكى «أَحْوَال».

(فأوى إلى الله فآواه الله) قال القرطبي: الرواية الصحيحة بقصر الأول ومد الثاني، وهو المشهور في اللغة، وفي القرآن ﴿إِذْ أَوَى الْفِتْيَةُ إِلَى الْكَهْفِ﴾ بالقصر و ﴿وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ﴾ بالمد، وحكي في اللغة القصر والمد معا فيهما. ومعنى "أوى إلى الله" لجأ إلى الله، أو في الكلام مضافان محذوفان أي لجأ أو انضم إلى مجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم، ومعنى "فآواه الله" أي جازاه بنظير فعله بأن ضمه إليه ورحمه ورضي عنه.

« فَأَوَى إِلَى اللهِ فَآوَاهُ اللهُ » (ئۇ ئاللاھتىن پاناھ جاي تىلىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا جاي بەردى) قۇرتەبىي مۇنداق دېدى: «توغرا رىۋايەت قىلىش بىرىنچىسىنىڭ ھەمزىسىنى قىسقا تەلەپپۇز قىلىش، ئىككىنچىسىنىڭ ھەمزىسىنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش بىلەن كەلگەن، بۇ تىلدىمۇ ھەممىگە تونۇشلۇق.» «قۇرئان كەرىم» دە قىسقا تەلەپپۇز قىلىش بىلەن ﴿إِذْ أَوَى الْفِتْيَةُ إِلَى الْكَهْفِ﴾ (ئۆز

ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھ جاي قىلدى)؛ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش بىلەن ﴿وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ﴾ (ئىككىسىنى ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق) ـ دەپ كەلدى. تىلدىمۇ قىسقا تەلەپپۇز قىلىش ۋە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش بىرلىكتە ئېيتىلىدى. «أَوَى إِلَى اللهِ» نىڭ مەنىسى «لَجَأَ إِلَى اللهِ» (ئاللاھتىن پاناھ تىلىدى، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى) بولىدۇ؛ ياكى جۈملىدە چۈشۈپ قالغان ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككى بىرىنچى ئەزاسى بار، يەنى بۇ جۈملە «لَجَأَ أَوْ انْضَمَّ إِلَى مَجْلِسِ رَسُولِ اللهِ ﷺ » (ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدىن جاي ئىزدىدى ياكى قوشۇلدى) بولىدۇ. «فَآوَاهُ اللهُ» نىڭ مەنىسى «ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىگە قوشۇش، ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش، ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇش بىلەن ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ باراۋىرىدە ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى.»

(وأما الآخر فاستحيا فاستحيا الله منه) أي لم يفعل كما فعل زميله الأول فترك المزاحمة حياء من النبي صلى الله عليه وسلم ومن أصحابه، أو المراد أنه لم يفعل كما فعل زميله الثالث أي استحيا من الذهاب عن المجلس، يشير إلى هذا المعنى رواية الحاكم ولفظها "ومضى الثاني قليلا، ثم جاء فجلس."

« وَأَمَّا الْآخَرُ فَاسْتَحْيَا فَاسْتَحْيَا اللهُ مِنْهُ » (ئەمما بىرى (جامائەتنى قىستاشتىن) ئويۇلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى) يەنى : ئۇ بىرىنچى ھەمراھى قىلغاندەك قىلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن ئويۇلۇپ قىستاشنى خوپ كۆرمىدى؛ ياكى ئىرادە قىلىنغان مەنا: ئۇنىڭ ئۈچىنچى ھەمراھى قىلغاندەك قىلمىغانلىقى، يەنى سۆھبەتتىن كېتىشتىن ئويىغانلىقى؛ بۇ مەنىنى ھاكىمنىڭ رىۋايىتى ئىشارە قىلىدۇ. رىۋايەتنىڭ لەۋزى مۇنداق: «ئىككىنچىسى بىر ئاز ماڭدى، ئاندىن كېيىن كەلدى ـ دە، ئولتۇردى.»

(وأما الآخر فأعرض فأعرض الله عنه) أي أعرض عن مجلس العلم وانصرف عنه، فعامله الله تعالى وجزاه على إساءته إعراضا عنه، وصرفا لرحمته ورضوانه عنه، والإعراض في الأصل انصراف النفس عن الشيء وعدم التوجه إليه، ففي الكلام مشاكلة ومقابلة، كقوله تعالى ﴿وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللهُ وَاللهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ﴾ وقد وصف إعراض الله تعالى في حديث "ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة، ولا ينظر إليهم، ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم..." الحديث. فالمراد من الإعراض الإهمال، وعدم الإحسان.

« وَأَمَّا الْآخَرُ فَأَعْرَضَ فَأَعْرَضَ اللهُ عَنْهُ » (قالغان بىرى يىراقلاشتى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن مەرھەمىتىنى يىراقلاشتۇردى) يەنى: ئۇ ئىلمىي سۆھبەتكە سەل قاراپ ئۇنىڭدىن كەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن مەرھەمىتىنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنىڭ يامان ئىشى ئاساسىدا ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلدى ۋە جازالىدى. «أَعْرَضَ إِعْرَاضًا» نىڭ ئەسلىي مەنىسى ـ «بىر ئىشتىن كۆڭۈل قايتىش، ئۇنىڭغا يۈزلەنمەسلىك، قارىماسلىق». جۈملىدە مۇنۇ ئايەتتىكىدەك شەكىلداش كەلتۈرۈش (مُشَاكَلَةٌ) ۋە سېلىشتۇرما كەلتۈرۈش (مُقَابَلَةٌ) بار. ﴿وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللهُ وَاللهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ﴾ (ئۇلار ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر) (8 ـ سۈرە / ئەنفال 30 ـ ئايەت). مۇنۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ قارىمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدى: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى

ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ، ئۇلارنى پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» ھەدىستە قارىماسلىق (اَلْإِعْرَاض) دىن ئىرادە قىلىغان مەنا: «پەرۋا قىلماسلىق، ياخشىلىق قىلماسلىق» بولىدۇ.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

لم يتعرض الحديث بالنسبة للذين جلسا في مجلس العلم إلى تسليمهما، هل سلما؟ فرد عليهما السلام؟ أو لم يسلما؟ ولا إلى أنهما صليا تحية المسجد أو لم يصليا؟ وقد تناول العلماء هاتين النقطتين بالتأويل والتوجيه، فقيل: لعلهما سلما، ورد الرسول صلى الله عليه وسلم والصحابة السلام، أو أنهما سلما، ولم يرد أحد عليهما، لأن المشتغل بالعلم، المستغرق في العبادة لا يجب عليه الرد ولم ينقل إلينا هذا أو ذلك لشهرته، وعدم الحاجة إلى الإخبار به، وقيل: لعلهما لم يسلما اعتمادا على عدم مشروعية السلام على المشتغل بالعلم.

ھەدىس ئىلمىي سورۇندا ئولتۇرغان ئىككى كىشىگە نىسبەتەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ سالام بەرگەنلىكى؛ يەنى: ئۇ ئىككىسى سالام بەردىمۇ؟ ئۇ ئىككىسىگە سالام قايتۇرۇلدىمۇ ياكى ئۇ ئىككىسى سالام بەرمىدىمۇ؟ ـ بۇنىڭدا توختالمىدى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ مەسچىتكە سالام بېرىش نامىزىنى ئۆتىگەن ياكى ئۆتىمىگەنلىكىدىمۇ توختالمىدى. ئالىملار بۇ ئىككى نۇقتىنى قىياسىي چۈشەندۈرۈش، ئوخشىمىغان ئېھتىماللىقلارنى كەلتۈرۈش بىلەن تىلغا ئالدى ۋە مۇنداق دېيىلدى « ئېھتىمال ئۇ ئىككىسى سالام قىلغاندۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر سالام قايتۇرغاندۇ ياكى ئۇ ئىككىسى سالام قىلغان بولۇشى بىرەر كىشى ئۇ ئىككىسىگە جاۋاب قايتۇرمىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، ئىبادەتكە چۆككۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇش زۆرۈر بولمايدۇ، ئۇ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىقى ۋە ئۇنى خەۋەر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىدىن سالام، ناماز ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزگە يەتمىگەندۇ.» يەنە مۇنداق دېيىلدى: «ئېھتىمال ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغۇچىغا سالام بېرىش شەرىئەتتە بېكىتىلمىگەن دەپ قاراپ ئۇ ئىككىسى سالام بەرمىگەندۇ.»

وعلى كلا الجوابين لا مؤاخذة عليهما. إذ لو أتيا ما يلامان عليه لنبههما صلى الله عليه وسلم وعلمهما، فلا وجه لهذا الإشكال أساسا، أما الإشكال الثاني فقد قيل: لعلهما كانا على غير وضوء، ورد بأنه لو كان كذلك لنبههما صلى الله عليه وسلم فاعتذرا ولم ينقل إلينا شيء من ذلك، وقيل: لعل دخولهما كان في وقت كراهة التنفل، ويرده الشافعية بأن تحية المسجد لا تكره في أي وقت، وقيل: لعلهما صليا، ولم ينقل إلينا لاهتمام الرواة بغير ذلك من القصة، وعلى كل لم يثبت أنهما أتيا ما يلامان عليه، فليس في الحديث دليل على إثبات حكم، أو نفيه، لأن ما سكت عنه الراوي لا يستدل به على نفي أو إثبات. والله أعلم.

ھەر ئىككى جاۋابقا ئاساسەن ئۇ ئىككىسىنى ھېچبىر ئەيىبلەش يوق. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئەيىبلىنىدىغان بىرەر ئىشنى قىلغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇ ئىككىسىگە تەلىم بەرگەن بولاتتى. بۇنداق مۇرەككەپلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ھېچبىر سەۋەبى يوق. ئەمما ئىككىنچى مۇرەككەپلىككە كەلسەك، ئۇنىڭدا: «ئۇ ئىككىسى تاھارەتسىز بولغان بولۇشى مۇمكىن» دېيىلدى. ئۇ «مۇبادا ئاشۇنداق بولغان بولسا،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئاگاھلاندۇرغان بولاتتى، ئۇ ئىككىسى ئۆزرە ئېيتقان بولاتتى» دېيىش بىلەن رەت قىلىندى ۋە بىزگە ئاشۇ ھەققىدە بىرە نەرسە يەتكۈزۈلمىدى. يەنە مۇنداق دېيىلدى: «ئېھتىمال ئۇ ئىككىسىنىڭ كىرىشى نەفل نامىزىنى ئوقۇش ئەپسىز ۋاقىتتا بولغان بولۇشى مۇمكىن، شافىي مەزھەپىدىكىلەر ئۇنى «مەسچىتكە سالام بېرىش نامىزىنى ئوقۇش ھەر قانداق ۋاقىتتا يامان كۆرۈلمەيدۇ» غانلىقى بىلەن كەلتۈرىدۇ. يەنە مۇنداق دېيىلدى: «ئېھتىمال ئۇ ئىككىسى ناماز ئوقۇغاندۇ، رىۋايەت قىلغۇچىلار ئاشۇنىڭدىن باشقا ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ بىزگە يەتكۈزۈلمىگەندۇ.» ھەر ھالدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەيىبلىنىدىغان بىرەر ئىشنى قىلغانلىقى ئىسپاتلانمىدى، شۇڭا ھەدىستە بىرەر ھۆكۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىشنىڭ دەلىلى يوق، چۈنكى رىۋايەت قىلغۇچى سۈكۈت قىلغان ئىش بىلەن ئىنكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە دەلىل كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيث (ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)

1- اتخاذ المسجد مكانا لدراسة العلم والوعظ.

مەسچىتنى ئىلىم ئۆگىنىش، ۋەز- نەسىھەت قىلىش ئورنى قىلىش

2- استحباب التحليق في دروس العلم ومجالس الذكر، لأن ذلك أدعى إلى القرب من المعلم والقائد.

ئىلىم ئۆگىنىش سورۇنلىرىدا ۋە زىكىر- تەسبىھ سۆھبەتلىرىدە ھالقىسىمان ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى، چۈنكى ئاشۇنداق قىلىش تەلىم بەرگۈچى ۋە يېتەكچىگە يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ زور تۈرتكىسى.

3- وأن من سبق إلى مكان في الحلقة أو في المسجد كان أحق به.

ھالقىسىمان ئولتۇرغان ئىلىم سورۇنىدىكى ياكى مەسچىتتىكى بىرەر ئورۇنغا بالدۇر كەلگەن كىشى ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىق بولىدىغانلىقى.

4- استحباب القرب من المعلم للتبرك، وللمناقشة، وللتمكن من السماع.

ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، پىكىرلىشىش ئۈچۈن، ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تەلىم بەرگۈچىگە يېقىن بولۇشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى.

5- سد الخلل والفرجة في حلقة العلم، كما ورد الترغيب في سد خلل الصفوف في الصلاة.

نامازدا سەپ ئارىلىقىنى ئېتىش تەرغىب قىلىنىپ كەلگىنىدەك ھالقىسىمان ئىلمىي سورۇندىكى ئارىلىق ۋە بوش ئورۇننى ئېتىش .

6- جواز التخطي لسد الخلل ما لم يؤذ، فإن خشي استحب الجلوس حيث ينتهي، كما فعل الثاني، قاله الحافظ ابن حجر، والتحقيق أن الحديث لا يشير إلى ذلك، وإن كان هذا الحكم صحيحا، فقد تكون الفرجة في الحلقة الخارجية إن كانت هناك حلقات، على أن ظاهر الحديث أنها كانت حلقة واحدة، وإلا لقال "فرأى فرجة في إحدى الحلقات... "

ئەزىيەت يەتمىگەنلا بولىدىكەن ئارىلىقنى ئېتىش ئۈچۈن ئاتلاپ ئۆتۈش جائىز بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئەنسىرىسە ئىككىنچىسى قىلغاندەك ئولتۇرۇش، ئاخىرلىشىدىغان يەردە ئولتۇرۇش ياخشى كۆرۈلىدۇ، بۇنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئېيتتى. لېكىن ھۆكۈم توغرا بولسىمۇ ھەدىس ئاشۇنداق

قىلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ يەردە بىر قانچە ھالقا بولسا بوش ئورۇن تاشقى ھالقىدا بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسى ھالقىنىڭ بىر ھالقا ئىكەنلىكىدۇر. ئۇنداق بولمىغان بولسا ئۇ :« ئۇ ھالقىسىمان ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىدە بىر بوش ئورۇننى كۆردى.» دەيتتى.

7-وفيه الثناء على من زاحم في طلب الخير. قاله الحافظ ابن حجر أيضا. وليس في الحديث إشارة إلى المزاحمة.

ھەدىستە ياخشىلىقنى ئىزدەپ قىستىلىشقان كىشىلەرنى ماختاش بار. بۇنىمۇ ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئېيتتى. ھەدىستە قىستىشىشقا ئىشارەت يوق.

8- فضيلة الاستحياء من الانصراف عن باب الخير ودرس العلم، أو من المزاحمة في الحلقات، والثناء على المستحي.

ياخشى ئىش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش دەرۋازىسىدىن كېتىپ قېلىشتىن ۋە ھالقىسىمان ئولتۇرۇشلاردا قىستىلىشتىن ھايا قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ھايا قىلغۇچىنىڭ ماختىلىدىغانلىقى.

9- استحباب الجلوس حيث ينتهي المجلس.

سورۇن ئاخىرلاشقان جايدا ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى.

10- ذم من سنحت له فرصة الخير والعلم فانصرف عنها، وهو محمول على فعل ذلك بدون عذر.

ئۆزىگە ياخشى ئىشنىڭ ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پۇرسىتى چىققان، ئاشۇنداق قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ئۆزرىسىز كېتىپ قالغان كىشىنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى.

11- جواز الدعاء على المذنب بسخط الله، وهذا على أن قوله: "فأعرض الله عنه" خبر لفظا، إنشاء ودعاء معنى، وعلى أنه كان مسلما معرضا بغير عذر، والأولى أن يقال: إنه كان منافقا، أو أطلع الله نبيه صلى الله عليه وسلم على أمره أما المسلم فلا يدعي عليه.

گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىگە ئاللاھنىڭ غەزەپ قىلىشى بىلەن بەددۇئا قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى؛ بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «فَأَعْرَضَ اللّٰهُ عَنْهُ» دېگەن سۆزىنىڭ شەكىل جەھەتتىن بايان جۇملە، مەنا جەھەتتىن تەلەپ جۇملە ۋە تىلەك جۇملە ئىكەنلىكى ئاساسىدا، ۋە ئۇنىڭ ئۆزرىسىز كېتىپ قالغان مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئاساسىدا جائىز بولغان. ۋە تېگىشلىك بولغىنى-«ئۇنىڭ مۇناپىق ئىدى دېيىلىشى» ياكى «ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە بۇيرۇقىنى ئۇقتۇردى» دېيىلىشىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان كىشىگە بەددۇئا قىلىنمايدۇ.

12- جواز الإخبار عن أهل المعاصي وأحوالهم للزجر عنها، وأن ذلك لا يعد من الغيبة.

گۇناھ-مەئسىيەتنى توسۇش ئۈچۈن گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىشنىڭ جائىزلىقى؛ ۋە ئاشۇنداق قىلىش غەيۋەت ھېسابلانمايدىغانلىقى.

13- الثناء على من فعل جميلا.

ياخشى ئىش قىلغان كىشىنىڭ ماختىلىدىغانلىقى.

14- وابتداء العلم جلساءه بما يزيل عنهم الشبهات ويوضح لهم أسرار الوقائع.

ئىلىم سۆھبىتىدە بولغۇچىلاردىن گۇمانلارنى يوقىتىدىغان، رىيال ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى ئۇلارغا ئوچۇقلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى ئۇلارغا ئالدى بىلەن بىلدۈرۈش.

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

1. اشرح الحديث بأسلوبك مصورا وقائعة، وبين لماذا كان رسول الله جالسا في المسجد المقصود؟
ھەدىسنى ئۇنىڭ ۋەقەلىرىنى ئوبرازلىق بايان قىلغان ھالدا ئۆز ئۇسلۇبىڭىزدا چۈشەندۈرۈڭ. كۆزدە تۇتۇلغان مەسچىتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ئولتۇرغانلىقىنى بايان قىلىڭ.

2. وما إعراب بينما؟ وما العامل فيما؟ وعلام يطلق لفظ نفر؟ وما نوع الإضافة في ثلاثة نفر؟ ومن أين أقبلوا؟ وإلى أين كانوا ذاهبين؟
«بَيْنَمَا» نىڭ سۆز ئاخىرىنىڭ تۈرلىنىشى قانداق؟ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكۈچى سۆز قايسى؟ «نَفَرٌ» سۆزى نېمىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ؟ «ثَلاَثَةُ نَفَرٍ» دىكى ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ تۈرى نېمە؟ ئۇلار نەدىن كىرىپ كەلدى؟ ئۇلار نەگە كېتىۋاتقانىدى؟

3. في الحديث "أقبل ثلاثة نفر". "فأقبل اثنان" وظاهره إسناد الإقبال مرتين مختلفين. فما توجيهه؟
ھەدىستە «أَقْبَلَ ثَلاَثَةُ نَفَرٍ». «فَأَقْبَلَ اثْنَانِ» ئىبارىلىرى بار. ئۇنىڭ ئاشكارا مەنىسى «أَقْبَلَ إِقْبَالاً» پېئىلىنىڭ ئوخشاشمىغان ھالدا ئىككى قېتىم خەۋەر بولۇپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئېھتىماللىقتىن نەزەر تۇتۇلغىنى نېمە؟

4. وما المراد من وقوفهما على رسول الله صلى الله عليه وسلم؟
ئۇ ئىككىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇشىدىن ئىرادە قىلىنغان مەنا نېمە؟

5. وما معنى "أما" في "فأما أحدهما؟" ولماذا دخلت الفاء في "فرأى" مع أنه خبر المبتدأ؟
«فَأَمَّا أَحَدُهُمَا» دىكى «أَمَّا» نىڭ مەنىسى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن «ف» ھەرپى «رَأَى» مۇبتەدانىڭ خەۋىرى بولسىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى؟

6. وما هى الحلقة؟ وما ضبط حركة اللام فيه؟ وما جمعها مع الضبط بالشكل؟
«اَلْحَلْقَةُ» نىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭدىكى «ل» نىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىنىڭ قويۇلۇشى قانداق؟ ئۇنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىنىڭ توغرا قويۇلۇش بىلەنكى كۆپلۈك سانى قايسى؟

7. وما هى الفرجة؟ وما ضمير الجمع في "فجلس خلفهم"؟ وعلام نصب "ذاهبا"؟ وماذا أفاد بعد "فأدبر"؟
«الفرجة» نىڭ مەنىسى نېمە؟ «فَجَلَسَ خَلْفَهُمْ» دىكى كۆپلۈك ساندىكى كىشىلىك ئالماش قانداق ئالماش؟ «ذَاهِبًا» نېمە ئاساسىدا چۈشۈم كېلىشتە كەلتۈرۈلدى؟ ئۇ «فَأَدْبَرَ» دىن كېيىن نېمە مەنىنى ئىپادىلىدى؟

8. ومن أى شىء فرغ؟ وما أصل تركيب "ألا"؟ وماذا تفيد هنا؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى ئىشتىن بىكار بولدى؟ «ألا» نىڭ ئەسلى بىرىكىشى قانداق؟ بۇ يەردە ئۇ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

9. ذكرت "أوى" مرتين "فأوى إلى الله فآواه الله" فهل همزته واحدة فيهما؟ وضح ما تقول واشرح المعنى بالتفصيل.
«أوى» ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنىدى، «أوى» دىكى ھەمزە «فأوى إلى الله فآواه اللهُ» ئىبارىلىرىدە بىردەكمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئوچۇقلاشتۇرۇڭ، مەنىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ.

10. من أى شىء استحيا الثانى؟ وضح ووجه. وما المراد من استحياء الله؟
ئىككىنچىسى قايسى ئىشتىن ئۇيالدى؟ چۈشەندۈرۈڭ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇڭ. «استحيا اللهُ» دىن ئىرادە قىلىنغان مەنە نېمە؟

11. عن أى شىء أعرض الثالث؟ وما المراد من إعراضه؟ ومن إعراض الله عنه؟

11. ئۈچىنچىسى قايسى ئىشتىن يىراقلاشتى؟ «فَأَعْرَضَ» دىن، «فَأَعْرَضَ اللهُ عَنْهُ» دىن ئىرادە قىلىنغان مەنا نېمە؟

12. في تسليمهما وعدم تسليمهما، وفى صلاتهما تحية المسجد إشكالان، أثارهما العلماء، وأَجَابُوا عنهما فماذا قالوا؟ وماذا ترى في أقوالهم؟

ئۇ ئىككىسىنىڭ سالام بېرىشى ۋە سالام بەرمەسلىكىدە ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ مەسچىتكە سالام بېرىش نامىزىنى ئوقۇشىدا ئالىملار چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە جاۋابىنى ئىزدىگەن ئىككى مۇرەككەپلىك بار. سىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قانداق قارايسىز؟

13. وماذا تأخذ من الحديث من الأحكام؟ هەدىستىن نېمە هۆكۈملەرنى ئالىسىز؟

## شَرْحُ الْكَلِمَاتِ

إِذْ: تَكُونُ حَرْفًا لِلْمُفَاجَأَةِ يَقَعُ بَعْدَ "بَيْنَا وَبَيْنَمَا" "بَيْنَا" ۋە "بَيْنَمَا" دىن كېيىن كېلىدىغان «توساتتىن، تۇيۇقسىز، بىردىنلا» دېگەنگە ئوخشاش تاسادىپىيلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە.

أَقْبَلَ يُقْبِلُ إِقْبَالاً إِلَيْهِ / أَتَى — يېتىپ كەلدى

أَقْبَلَ عَلَيْهِ/ نَقِيض أَدْبَرَ عَنْهُ — كەلدى، يېقىنلاپ كەلدى

أَقْبَلَ ثَلاَثَةُ نَفَرٍ/ أَقْبَلُوا وَدَخَلُوا — كىرىپ كەلدى

نَفَرٌ ج أَنْفَارٌ / عِدَّةُ رِجَالٍ مِنْ ثَلاَثَةٍ إِلَى عَشَرَةٍ — بىر قانچە كىشى

أَقْبَلَ اثْنَانِ إِلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ / تَوَجَّهَ إِلَى مَجْلِسِ رَسُولِ اللهِ ﷺ — رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىگە يۈزلىنىپ كەلدى

وَقَفَا عَلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ / وَقَفَا عِنْدَ مَجْلِسِ رَسُولِ اللهِ ﷺ — ئىككىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىنىڭ يېنىدا تۇردى

فُرْجَةٌ ج فُرَجٌ / فُتْحَةٌ. ثُغْرَةٌ. فَجْوَةٌ — تۆشۈك، يېرىق

فُرْجَةٌ / خَلاَءُ بَيْنَ الشَّيْئَيْنِ — ئىككى نەرسە ئارىسىدىكى بوشلۇق، بوش جاي

اَلْحَلْقَةُ / حَلْقَةُ الْعِلْمِ. مَجْلِسُ الْعِلْمِ — هالقىسىمان ئىلىم سورۇنى

أَدْبَرَ عَنْهُ / وَلَّى عَنْهُ — قايتىپ كەلدى، كېتىپ قالدى

فَرَغَ يَفْرُغُ فَرَاغًا مِنْ شَيْءٍ / أَتَمَّهُ. اِنْتَهَى مِنْهُ — بىر ئىشتىن بىكار بولدى، ئاخىرلاشتۇردى

فَلَمَّا فَرَغَ رَسُولُ اللهِ ﷺ / فَلَمَّا فَرَغَ عَمَّا كَانَ مُشْتَغِلاً بِهِ مِنَ الْخُطْبَةِ أَوْ تَعْلِيمِ الْعِلْمِ أَوِ الذِكْرِ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان خۇتبە سۆزلەشتىن ياكى ئىلىم تەلىم بېرىشتىن ياكى زىكرى ـ تەسبىھدىن بىكار بولغان چاغدا

عَنِ النَّفَرِ الثَّلاَثَةِ / عَنْ أَحْوَالِ النَّفَرِ الثَّلاَثَةِ — ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ هالىدىن

أَوَى إِلَى اللهِ / لَجَأَ إِلَى اللهِ — ئاللاهقا ئىلتىجا قىلدى، ئاللاهدىن پاناھ جاي تىلىدى

أَوَى إِلَى اللهِ / دَخَلَ مَجْلِسِ ذِكْرِ اللهِ — ئاللاهقا تەسبىھ ئېيتىش سورۇنىغا كەلدى

أَوَى إِلَى اللهِ / اِنْضَمَّ إِلَى مَجْلِسَ رَسُولِ اللهِ — ئاللاهنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۆھبىتىگە قوشۇلدى

آوَى فُلاَنًا / أَسْكَنَهُ — ئورۇن بەردى، ئورۇنلاشتۇردى

| | |
|---|---|
| فَآوَاهُ اللهُ / فَآوَاهُ اللهُ إلى جَنَّتِهِ | ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي |
| فَآوَاهُ اللهُ / فَجَازَاهُ بِنَظِيرِ فِعْلِهِ | ئاللاھ ئۇنى قىلغىنىنىڭ باراۋىرىدە مۇكاپاتلىغاي |
| فَاسْتَحْيَا / اِسْتَحْيَا مِنَ الذّهَابِ عَنِ الْمَجْلِسِ | سورۇندىن كېتىشتىن ئۇيالدى |
| فَاسْتَحْيَا / اِسْتَحْيَا مِنَ الْمُزَاحَمَةِ | جامائەتنى قىستاشتىن ئۇيالدى |
| فَاسْتَحْيَا اللهُ مَنْهُ / جَازَاهُ بِمِثْلِ فِعْلِهِ | ئاللاھ ئۇنى قىلغىنى باراۋىرىدە مۇكاپاتلىغاي |
| فَاسْتَحْيَا اللهُ مِنْهُ / رَحِمَهُ وَلَمْ يُعَاقِبْهُ | ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغاي |
| أَعْرَضَ عَنْهُ / صَدَّ وَوَلَّى | تاشلاپ كەتتى، يىراقلاشتى، ئۆزىنى قاچۇردى |
| فَأَعْرَضَ / أَعْرَضَ عَنْ مَجْلِسِ رَسُولِ اللهِ | رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدىن كەتتى، يىراقلاشتى |
| فَأَعْرَضَ اللهُ عَنْهُ / جَازَاهُ بِأَنْ سَخِطَ عَلَيْهِ | ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلدى، غەزەپ قىلغاي |

**المعنى العامّ**

| | |
|---|---|
| اِجْتَمَعَ مَعَهُ / قَابَلَهُ . . . | بىلەن ئۇچراشتى، جەم بولدى |
| تَخَوَّلَ فُلَانًا بِالْمَوْعِظَةِ / تَعَهَّدَهُ بِهَا | . . .گە ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلەپ بەردى |
| بَيْنَ الْحِينِ وَالْحِينِ / حِينًا بَعْدَ حِينٍ | پات ـ پات |
| مَوْعِظَةٌ / مَا يَتَّعَظُ بِهِ | ۋەز نەسىھەت |
| رَقِيقٌ جـ أَرِقَّاءُ م رَقِيقَةٌ جـ رِقَاقٌ / لَطِيفٌ ضِدَّ غَلِيظٍ | ئىللىق، يېقىملىق |
| رَقِيقُ الْقَلْبِ / عَطُوفٌ، شَفُوقٌ | كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل |
| اَلرِّقَاقُ / اَلْكَلِمَاتُ الَّتِي تَرِقُّ بِهَا الْقُلُوبُ إِذَا سَمِعَتْ | كۆڭۈللەرنى يۇمشىتىدىغان سۆزلەر |
| مَطْرُوقٌ / مَكَانٌ يَتَرَدَّدُ إِلَيْهِ النَّاسُ | كىشىلەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان جاي، ئۆتۈشمە جاي |
| غَيْرُ الْمَسْقُوفِ / غَيْرُ مُزَوَّدٍ بِسَقْفٍ | ئۈستى يېپىلمىغان، ئۆگزىسىز، ئۈستى ئوچۇق |
| وَصَلَ بَيْنَ ... / رَبَطَ بَيْنَ ... | ئارىسىنى تۇتاشتۇردى، ئۇلىدى |
| رَغِبَ فِي الْجُلُوسِ / أَرَاده وأَحَبَّهُ | ئولتۇرماقچى بولدى |
| مَكَانٌ خَالٍ يَكْفِيهِ | ئۆزىگە يېتىدىغان بوش ئورۇن، ئۆزىگە چۇشلۇق بوش ئورۇن |
| تَرَدَّدَ فِيهِ / اِشْتَبَهَ فَلَمْ يُثْبِتْهُ | ئارىسالدى بولدى، ئىككىلەندى |
| تَرَدَّدَ الثَّانِي فِي الْجُلُوسِ | ئىككىنچىسى ئولتۇرۇشتا ئارىسالدى بولدى |
| إِنَّ لَهُ مَصْلَحَةً خَرَجَ يَقْضِيهَا | ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئورۇنلىماقچى بولۇپ سىرتقا چىققان بىرەر مەنپەئەتى بارئىدى |
| اِسْتَمَرَّ فِي الْعَمَلِ / وَاصَلَ فِيهِ | داۋاملاشتۇردى، ئۈزلۈكسىز . . .قىلدى |
| أَيَسْتَمِرُّ فِي مَشْيِهِ؟ | ئۇ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرامدۇ؟ |
| بَعْدَ خُطُوَاتٍ بَعُدُ بِهَا عَنِ الْحَلْقَةِ | ئۇ ھالقىسىمان سورۇندىن يىراقلاشقان بىر قانچە قەدەمدىن كېيىن |
| أَنْ يُعَابَ مِنْ صَاحِبِهِ | ئۇنىڭ ھەمراھى تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشى |
| حَيْثُ لَمْ يَجِدْ فُرْجَةً كَمَا وَجَدَ الْأَوَّلُ | ئۇ بىرەر بوش ئورۇننى بىرىنچىسى تاپقاندەك تاپالمىغان چاغدا |
| اِنْصَرَفَ عَنْهُ / تَحَوَّلَ عَنْهُ وَتَرَكَهُ | تاشلاپ كەتتى، كېتىپ قالدى |
| اِنْصَرَفَ إِلَيْهِ / تَحَوَّلَ إِلَيْهِ وَانْكَبَّ عَلَيْهِ | يۈزلەندى، قاراپ ماڭدى؛ بېرىلدى |
| ثَارَتْ فِي نُفُوسِهِمْ تَسَاؤُلَاتٌ | ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە سوئال سوراشلار پەيدا بولدى |

| | |
|---|---|
| اِحْتَضَنَهُ / جَعَلَهُ فِي حِضْنِهِ | ئۆز ھىمايىسىدە قىلدى؛ قۇچىقىغا ئالدى |
| غَلَبَهُ الْحَيَاءُ / قَهَرَهُ وَتَفَوَّقَ عَلَيْهِ | ئۇنى خىجىللىق باستى، خىجىل بولۇش غالىب كەلدى |
| اِسْتَغْنَى بِهِ عَنْ غَيْرِهِ / اِكْتَفَى بِهِ عَنْ ذَلِكَ | كۇپايىلەندى، بىھاجەت بولدى |
| اِسْتَغْنَى اللّٰهُ عَنْهُ / اِطَّرَحَهُ اللّٰهُ وَرَمَى بِهِ مِنْ عَيْنِهِ | ئاللاھ ئۇنى مەرھەمىتىدىن يىراقلاشتۇردى |
| اَلْمَغْضُوبُ عَلَيْهِمْ / اَلَّذِينَ يَقَعُ عَلَيْهِمِ الْغَضَبُ | غەزەپكە ئۇچرىغانلار |
| اَلْآثِمُونَ الْمَطْرُودُونَ | رەھمەتتىن يىراق قىلىنغان گۇناھكارلار |

## المباحث العربية

وَعَظَ يَعِظُ وَعْظًا وَعِظَةً النَّاسَ / نَصَحَهُمْ وَذَكَّرَهُمْ بِالْعَوَاقِبِ ۋەز- نەسىھەت قىلدى

| | |
|---|---|
| ظَرْفُ زَمَانٍ | ۋاقىت رەۋىشى |
| مُلاَزِمٌ لـ / لاَ يُفَارِقُ | ...دىن ئايرىلالمايدۇ |

مُلاَزِمٌ لِلْإِضَافَةِ إِلَى جُمْلَةٍ ئۇ بىر جۈملىگە ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ قوشۇلۇشتىن ئايرىلالمايدۇ

| | |
|---|---|
| عَامِلٌ (فِي النَّحْوِ) : مَا يَقْتَضِي أَثَرًا إِعْرَابِيًّا فِي الْكَلِمِ | گرامماتىكىلىق تەسىر كۆرسەتكۈچى، ئامىل |
| لَفْظُ الْمُفَاجَأَةِ | تاسادىپىيلىق مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى سۆز |
| فِي مَحَلِّ نَصْبٍ | ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كېلىشتە |
| حَالٌ مِنَ الضَّمِيرِ فِي "جَالِسٌ" | «جَالِسٌ» دىكى كىشىلىك ئالماشنىڭ ھالىتى |
| عَامِلُ النَّصْبِ فِي "بَيْنَ" | «بَيْنَ» نىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى |
| اَلتَّقْدِيرُ... | قىياس قىلىنىشى... |
| فَاجَأَ فُلاَنًا / هَجَمَ عَلَيْهِ مِنْ غَيْرِ أَنْ يُشْعِرَ بِهِ | ...نىڭ يېنىغا سەزدۈرمەستىن تېز كەلدى، تۇيۇقسىز كەلدى |
| اِسْمُ جَمْعٍ | كۆپلۈك مەنىدىكى ئىسىم |
| تَمْيِيزٌ | پەرقلەندۈرگۈچى |
| وَقَعَ تَمْيِيزًا لِجَمْعٍ | ئۇ (كۆپلۈك مەنىدىكى ئىسىم) كۆپلۈك ساندا كېلىدىغان پەرقلەندۈرگۈچى بولۇپ كەلدى |
| أَطْلَقَ اِسْمًا عَلَى الشَّيْءِ / سَمَّاه بِهَذا الاِسْمِ لِيَدُلَّ عَلَيْهِ | ...نى ... ئىسمى بىلەن ئاتىدى |
| أُطْلِقَ اسْمُ فُلاَنٍ عَلَى شَارِعٍ كَذَا | كوچا ... نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالدى |
| يُطْلَقُ عَلَى جَمَاعَةٍ مِنَ الرِّجَالِ | ئەرلەر توپى ئۇ (نَفَرٌ) بىلەن ئاتىلىدۇ |
| وَقَعَتِ النَّعْلُ عَلَى رِجْلِي / نَاسَبَتْه | ئاياغ پۇتۇمغا پاتتى، مۇناسىپ كەلدى |
| يَقَعُ عَلَى الْعَدَدِ مِنْ ثَلاَثَةٍ إِلَى عَشَرَةٍ | ئۇ ئۈچتىن ئونغىچە سانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ |
| اَلْإِضَافَةُ بَيَانِيَّةٌ | ھېلىقى ئىزاپەتلىك بىرىكمە بايان خاراكتېرلىك ئىزاپەتلىك بىرىكمە |
| إِضَافَةُ تَمْيِيزٍ مُبِينٍ | بايان قىلغۇچى پەرقلەندۈرگۈچى بىلەن كەلگەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە |
| طَرَّقَ الْمَكَانَ / جَعَلَهُ طَرِيقًا وَ مَمَرًّا | يول قىلىۋالدى |
| تَوَجُّهٌ / إِقْبَال عَلَى الشَّيْءِ بِالْوَجْهِ | يۈزلىنىش |
| مُضَافٌ مَحْذُوفٌ | ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ چۈشۈپ قالغان بىرىنچى ئەزاسى |
| حَرْفُ تَفْصِيلٍ | تەپسىلىي بايان مەنىدىكى قوشۇمچە |
| تَلاَ يَتْلُو تَلْوًا وَتُلُوًّا / تَبِعَه | ئارقىسىدىن كەلدى، ئەگەشتى |

| | |
|---|---|
| تَالٍ / تَابِعٌ | كەينىدىن كەلگۈچى، ئەگەشكۈچى |
| فِي تَلْوَ تَالِيهِ | كەينىدىن كەلگۈچى كەينىدىن كەلگىنىدە |
| خَلاَءٌ / مَكَانٌ لَيْسَ فِيهِ أَحَدٌ | بوش ئورۇن |
| أَسْكَنَ الْحَرْفَ / جَلَعَهُ سَاكِنًا | سۈكۈنلۈق قىلدى، سۈكۈنلۈق كەلتۈردى |
| إِسْكَانُ اللاَّمِ | «ل» ھەرپىنى سۈكۈنلۈق كەلتۈرۈش |
| كُلُّ شَيْءٍ مُسْتَدِيرٍ خَالِي الْوَسَطِ | يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى بوش ھەربىر نەرسە |
| بِاعْتِبَارِ مُكَوِّنِيهَا مِنَ الصَّحَابَةِ | ئۇنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر ساھابىلەر دەپ قارالغانلىقتىن |
| حَالٌ مُؤَكِّدَةٌ | تەكىت ھالىتى |
| حَالٌ مُؤَسِّسَةٌ | بايان ھالىتى |
| هَمْزَةُ الاِسْتِفْهَامِ الإِنْكَارِيِّ | قايتۇرما سوراقنى ئىپادىلىگۈچى ھەمزە |
| مَعْنَى النَّفْيِ | بولۇشسىز مەنا |
| "لاَ" النَّافِيَةُ | بولۇشسىز مەنىلىك «لاَ» |
| نَفْيُ النَّفْيِ | ئىنكارنى ئىنكار قىلىش |
| إِثْبَاتٌ | بولۇشلۇق (مەنا) |
| آلَ يَؤُولُ أَوْلاً وَمَآلاً إِلَيْهِ/ أَدَّى إِلَيْهِ وَرَجَعَ إِلَيْهِ | ...گە ئېلىپ باردى، گە يېتىپ باردى |
| فَائِدَتُهَا | ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى |
| عَلَى هَذَا | بۇ ئاساستا، بۇنىڭغا ئاساسەن |
| أَهَمِّيَّةُ مَا بَعْدَهَا | ئۇنىڭ كەينىدىكىسىنىڭ مۇھىملىقى |
| قَصْرُ الْأَوَّلِ / تَقْصِيرُ هَمْزَةِ الْأَوَّلِ | بىرىنچىسىنىڭ ھەمزىسىنى قىسقا تەلەپپۇز قىلىش |
| مَدُّ الثَّانِي / مَدُّ هَمْزَةِ الثَّانِي | ئىككىنچىسىنىڭ ھەمزىسىنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش |
| مَشْهُورٌ / مَعْرُوفٌ بَيْنَ النَّاسِ | ھەممىگە تونۇشلۇق، مەشھۇر |
| قَصْرٌ | قىسقا تەلەپپۇز قىلىش |
| مَدٌّ | سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش |
| تَرَكَ الْمُزَاحَمَةَ | قىستاشنى تەرك ئەتتى، قىستاشنى خوپ كۆرمىدى، قىستىمىدى |
| مَضَى الثَّانِي قَلِيلاً / ذَهَبَ قَلِيلاً | ئىككىنچىسى بىر ئاز ماڭدى |
| عَامَلَ فُلاَنًا عَلَى كَذَا | ...گە ... ئاساسىدا مۇئامىلە قىلدى |
| إِسَاءَةٌ / ضِدُّ إِحْسَانٌ | يامان ئىش قىلىش، يامان ئىش |
| إِعْرَاضًا عَنْهُ | ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇپ |
| صَرْفًا لِرَحْمَتِهِ وَرِضْوَانِهِ | ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقىنى مەھرۇم قىلىپ |
| مُشَاكَلَةٌ (فِي عِلْمِ الْبَدِيعِ) | شەكىلداش سۆزنى كەلتۈرۈش، شەكىلداشلىق |
| مُقَابَلَةٌ (فِي عِلْمِ الْبَدِيعِ) | قارشى مەنىدىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ كەلتۈرۈش، سېلىشتۇرما كەلتۈرۈش |

## فِقْهِ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| تَعَرَّضَ لِلأَمْرِ/ تَدَخَّلَ فِيهِ | ئارىلاشتى، ئالاقىدار بولدى، چېتىلدى |
| تَعَرَّضَ لِلْمَسْأَلَةِ / تَطَرَّقَ لَهَا، بَحَثَ عَنْهَا | توختالدى، سۆزلەپ ئۆتتى |

لَمْ يَتَعَرَّضِ الْحَدِيثُ إِلَى تَسْلِيمِهِمَا هەدىس ئۇ ئىككىسىنىڭ سالام بەرگەنلىكىدە توختالمىدى

تَحِيَّةُ الْمَسْجِدِ مەسچىتكە سالام بېرىش نامىزى، مەسچىتنىڭ ھۆرمەت نامىزى

تَأْوِيلٌ / تَفْسِيرٌ چۈشەندۈرۈش تَأْوِيلٌ / تَعْبِيرٌ چۈشكە تەبىر بېرىش

تَأْوِيلٌ / إِظْهَارُ الْمَقْصُودِ عَنْ طَرِيقِ الظَّنِّ قىياسىي چۈشەندۈرۈش

تَوْجِيهٌ (فِي عِلْمِ الْبَدِيعِ) إِيْرَادُ الْكَلاَمِ مُحْتَمِلاً لِلْوَجْهَيْنِ الْمُخْتَلِفَيْنِ

ئوخشىمىغان ئېھتىماللىقلارنى كەلتۈرۈش، ئېھتىماللىقلارنى نەزەردە تۇتۇش

اَلْمُسْتَغْرِقُ فِي الْعِبَادَةِ ئىبادەتكە چۆككۈچى، بېرىلىپ ئىبادەت قىلغۇچى

لِشُهْرَتِهِ ئۇ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن

عَدَمُ الْحَاجَةِ إِلَى الْإِخْبَارِ بِهِ ئۇنى خەۋەر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىدىن

إِعْتِمَادًا عَلَى عَدَمِ مُشْرُوعِيَّةِ السَّلاَمِ عَلَى الْمُشْتَغِلِ بِالْعِلْمِ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغۇچىغا سالام بېرىش شەرىئەتتە بېكىتىلمىگەن دەپ قاراپ

لاَ مُؤَاخِذَةَ عَلَيْهِمَا ئۇ ئىككىسىنى ھېچبىر ئەيىبلەش يوق

إِذْ لَوْ... لَـ... چۈنكى مۇبادا ... سا ئىدى، ...غان بولاتتى

إِشْكَالٌ ج إِشْكَالاَتٌ / أَمْرٌ يُوجِبُ الْتِبَاسًا فِي الْفَهْمِ مۇرەككەپلىك، قېيىن ئىش

وَرُدَّ بِأَنَّهُ لَوْ... لَـ... ۋە ئۇ «مۇبادا ...سا ئىدى، ...غان بولاتتى» دېيىلىش بىلەن رەت قىلىندى

وَقْتُ كِرَاهَةِ التَّنَفُّلِ نەفىل نامىزنى ئوقۇش ئەپسىز ۋاقىت

لاِهْتِمَامِ الرُّوَاةِ بِغَيْرِ ذَلِكَ مِنَ الْقِصَّةِ رىۋايەت قىلغۇچىلار ئاشۇنىڭدىن باشقا ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن

عَلَى كُلٍّ / عَلَى كُلِّ حَالٍ ھەر ھالدا

أَنَّهُمَا أَتَيَا مَا يُلاَمَانِ عَلَيْهِ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەيىبلىنىدىغان بىرەر ئىش قىلغانلىقى

إِثْبَاتُ حُكْمٍ أَوْ نَفْيُهُ بىرەر ھۆكۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيثِ

تَحْلِيقٌ / جُلُوسٌ كَالْحَلْقَةِ ھالقىسىمان ئولتۇرۇش

مَجَالِسُ الذِّكْرِ زىكىر ـ تەسبىھ سۆھبەتلىرى، ئولتۇرۇشلىرى، سورۇنلىرى

أَدْعَى إِلَى الْقُرْبِ مِنْ ... ...گە يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ زور تۈرتكىسى

أَحَقُّ بِهِ ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىق

تَبَرَّكَ بِهِ / فَازَ مِنْه بِالْبَرِكَة ...دىن بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتى، ياخشىلىققا ئېرىشتى

لِلتَّبَرُّكِ ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن

تَمَكَّنَ مِنَ الْأَمْرِ / قَدِرَ عَلَيْهِ، اِسْتَطَاعَ ... قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ...لالىدى

لِلتَّمَكُّنِ مِنَ السَّمَاعِ ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئاڭلىيالىشى ئۈچۈن

خَلَلٌ ج خِلاَلٌ / مُنْفَرَجٌ مَا بَيْنَ الشَّيْئَيْنِ. فُرْجَةٌ ئارىلىق، ھاڭ

تَخَطَّى فُلاَنًا أَوْ عَلَيْهِ / تَجَاوَزَهُ ھالقىپ ئۆتتى، ئاتلاپ ئۆتتى؛ ئۆتۈپ كەتتى

مَا لَمْ يُؤْذَ ئەزىيەت يەتمىگەنلا بولسا

| | |
|---|---|
| حَيْثُ يَنْتَهِي / حَيْثُ يَنْتَهِي الْمَجْلِسُ | ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىغان يەردە |
| وَالتَّحْقِيقُ أَنَّ ... / اَلتَّحْقِيقُ عَلَى أَنَّ ... = عَلَى أَنَّ ... (لِلْاِسْتِدْرَاكِ) | لېكىن |
| وَإِنْ ... / وَلَوْ ... | ...بولسىمۇ، ...سىمۇ |
| وَإِلاَّ لَقَالَ : ... | ئۇنداق بولمىسا، ...دېگەن بولاتتى |
| اَلثَّنَاءُ عَلَى فُلاَنٍ | ...نى ماختاش، مەدھىيەلەش |
| بَابُ الْخَيْرِ | ياخشىلىق بوسۇغىسى، دەرۋازىسى؛ ياخشى ئىش يېنىدىن |
| سَنَحَتْ لَهُ فُرْصَةُ الْخَيْرِ / أُتِيحَتْ لَهُ | ...گە ياخشى ئىشنىڭ پۇرسىتى چىقتى، كەلدى |
| مَحْمُولٌ عَلَى ... / يُطَاقُ | ...گە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان |
| بِدُونِ عُذْرٍ | ئۆزرىسىز، بىرەر باناسىز |
| دَعَا يَدْعُو دُعَاءً عَلَى فُلاَنٍ / طَلَبَ لَهُ الشَّرَّ | بەددۇئا قىلدى، يامانلىقنى تىلىدى |
| خَبَرٌ / أُسْلُوبُ الْخَبَرِ | بايان جۈملە |
| إِنْشَاءٌ / أُسْلُوبُ الْإِنْشَاءِ | غەيرىي بايان جۈملە |
| دُعَاءٌ / أُسْلُوبُ الدُّعَاءِ | تىلەك جۈملە |
| لَفْظًا | شەكىل جەھەتتىن |
| مَعْنًى | مەنا جەھەتتىن |
| اَلْأَوْلَى أَنْ يُقَالَ : ... | ئەڭ تېگىشلىك بولغىنى ... دېيىلىشى |
| أَطْلَعَ فُلاَنًا عَلَى كَذَا / أَظْهَرَهُ لَهُ وَأَعْلَمَهُ به | ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، كۆرسىتىپ بەردى |
| لاَ يُدْعَى عَلَيْهِ | ...غا بەددۇئا قىلىنمايدۇ |
| أَهْلُ الْمَعَاصِي | گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەر، ئاسىيلىق قىلغۇچىلار |
| لِلزَّجْرِ عَنْهَا | ...دىن توسۇش ئۈچۈن |
| اِبْتِدَاءُ الْعِلْمِ جُلَسَاءَه | ئىلىمنى ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغۇچىلارغا بالدۇر بىلدۈرۈش |

## اَلْأَسْئِلَةُ

| | |
|---|---|
| اَلْمَسْجِدُ الْمَقْصُودُ | كۆزدە تۇتۇلغان مەسچىت |
| عَلاَمَ يُطْلَقُ لَفْظُ « نَفَرٍ » ؟ | « نَفَرٍ » سۆزى نېمىگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ؟ |
| إِسْنَادُ الْإِقْبَالِ | «أَقْبَلَ إِقْبَالاً» نىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشى |
| مَا تَوْجِيهُهُ؟ | ئۇنىڭ ئېھتىماللىقتىن نەزەردە تۇتۇلغىنى نېمە؟ |
| مَعَ أَنَّهُ خَبَرُ الْمُبْتَدَأِ | ئۇ مۇبتەدانىڭ خەۋىرى بولسىمۇ |
| شَكْلٌ | تەلەپپۇز بەلگىسى |
| ضَمِيرُ الْجَمْعِ | كۆپلۈك ساندىكى كىشىلىك ئالماش |
| عَلاَمَ نُصِبَ "ذَاهِبًا" | "ذَاهِبًا" نېمىگە ئاساسەن چۈشۈم كېلىشتە كەلتۈرۈلدى؟ |
| بِالتَّفْصِيل | تەپسىلىي |
| وَجِّهْ | ئوتتۇرىغا قويۇڭ |
| أَثَارَ الْأَمْرَ / بَحَثَهُ وَاسْتَقْصَاهُ | تەتقىق قىلدى، چوڭقۇر ئىزدەندى |

**(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل قادىر ھاجىم)**

# ئەرەب تىلىدىكى بەزى گرامماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى①

# اِسْتِعْمَالُ بَعْضِ الْأَدَوَاتِ النَّحْوِيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ وَتَرْجَمَتُهَا

## اَلْهَمْزَةُ

ھەمزە ( **اَلْهَمْزَةُ** ) – بوغۇز تاۋۇشى ھەرپى « ء » نى كۆرسىتىدۇ. بۇ « ء » تەلەپپۇز ۋە يېزىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇستەقىل « ء » شەكلىدە يېزىلىدۇ، يەنە « ا » نىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە « أ إ » شەكلىدە يېزىلىدۇ، يەنە « و » ياكى « ى » نىڭ ئۈستىگە « ؤ – ئ » شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ.

I ـ **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ قوللىنىلىشى

قوللىنىلىش جەھەتتىن **اَلْهَمْزَةُ** ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ : بىرى ـ يەككە سۆز تەركىبىدە كېلىدىغان ھەرپ بولۇپ، مۇستەقىل مەناغا ئىگە ئەمەس. يەنە بىرى سۆز ئاخىرى قاتقان قوشۇمچە بولۇپ، مۇئەييەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

1. **اَلْهَمْزَةُ** يەككە سۆز تەركىبىدە كېلىدىغان ھەرپ بولىدۇ.

1) ئەسلىي **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ ٱلأَصْلِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** بىر سۆز تەركىبىدە كېلىدىغان ئەسلى ھەرپلەردىن بىرى بولىدۇ:

ـ **أَخَذَ** (ئالدى)   **سَأَلَ** (سورىدى)   **قَرَأَ** ( ئوقۇدى)   **تَفَاءَلَ** ( ئۈمىدۋار بولدى)

2) **اَلْوَاوُ** دىن ئۆزگەرگەن **اَلْهَمْزَةُ** ( **اَلْهَمْزَةُ الْمُبْدَلَةُ مِنَ الْوَاوِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئىككى خىل ھالىتى بار:

ئەگەر **اَلْوَاوُ** ئارتۇق قوشۇلغان **اَلأَلِفُ** ( **اَلأَلِفُ الزَّائِدَةُ** ) دىن كېيىن كەلسە، ئۇ **اَلْهَمْزَةُ** گە ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ:

ـ **كِسَاءٌ** ئەسلىسى **كِسَاوٌ** (**كَسَا يَكْسُو**: پېئىلىدىن كېلىپ چىققان) كىيىم

ـ **دُعَاءٌ** ئەسلىسى **دُعَاوٌ** ( **دَعَا يَدْعُو** : پېئىلىدىن كېلىپ چىققان) دۇئا

ئەگەر **اَلْوَاو**، **فَاعِلٌ** ۋەزنىدىكى ئىنىق سۈپەتداشنىڭ ئوتتۇرىسىدا **اَلْعَيْنُ** نىڭ باراۋىرىدە كەلگەن ھەرپ بولسا، ئۇ **اَلْهَمْزَةُ** گە ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ:

ـ **قَائِلٌ** ئەسلىسى : **قَاوِلٌ** ( **قَالَ** < **قَوَلَ** : پېئىلىدىن كېلىپ چىققان) ئېيتقۇچى

ـ **سَائِقٌ** ئەسلىسى **سَاوِقٌ** ( **سَاقَ** < **سَوَقَ** پېئىلىدىن كېلىپ چىققان ) شوپۇر، ھەيدىگۈچى

3) **اَلْيَاءُ** دىن ئۆزگەرگەن **اَلْهَمْزَةُ** ( **اَلْهَمْزَةُ الْمُبْدَلَةُ مِنَ الْيَاءِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئىككى خىل ھالىتى بار:

ئەگەر **اَلْيَاءُ** ئارتۇق قوشۇلغان **اَلأَلِفُ** ( **اَلأَلِفُ الزَّائِدَةُ** ) دىن كېيىن كەلسە، ئۇ **اَلْهَمْزَةُ** گە ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ:

ـ **بِنَاءٌ** ئەسلىسى **بِنَايٌ** ( **بَنَى يَبْنِي** پېئىلىدىن كېلىپ چىققان ) قۇرۇلۇش، بىنا

ـ **قَضَاءٌ** ئەسلىسى **قَضَايٌ** ( **قَضَى يَقْضِي** پېئىلىدىن كېلىپ چىققان) ئورۇنلاش، ھۆكۈم قىلىش

ئەگەر **اَلْيَاءُ** ، **فَاعِلٌ** ۋەزنىدىكى ئىنىق سۈپەتداشنىڭ ئوتتۇرىسىدا **اَلْعَيْنُ** نىڭ باراۋىرىدە كەلگەن ھەرپ

① بىشى ئالدىنقى ساندا.

بولسا، ئۇ اَلْهَمْزَةُ گە ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ:

- **بَائِعٌ** ئەسلىسى **بَايِعٌ** (**بَاعَ** < **بَيَعَ** پېئىلىدىن كېلىپ چىققان ) مال ساتقۇچى، پىركازچىك

- **سَائِرٌ** ئەسلىسى **سَايِرٌ** (**سَارَ** < **سَيَرَ** پېئىلىدىن كېلىپ چىققان) يول يۈرگۈچى

4) پېئىل خاراكتېرلىق اَلْهَمْزَةُ ( **اَلْهَمْزَةُ الْفِعْلِيَّةُ** ) (إِ)

إِ – **وَأَى** پېئىلىدىن تۈرلىنىپ چىققان بۇيرۇق پېئىل شەكلى بولۇپ **عِدْ** ( **وَعَدَ** ) بىلەن مەنىداش «ۋەدە قىل، ۋەدە بەر» دېگەن مەنىدە.

– **إِ لِسَلِيمٍ أَنْ تُسَاعِدَهُ .** سەن سەلىمگە ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىل.

– **إِ أَلاَّ تَتَأَخَّرَ.** سەن كېچىكمەسلىككە ۋەدە بەر.

5) ھازىرقى زامان پېئىلى بىرىنچى شەخس بىرلىك سانىنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْمُخْبِرِ عَنْ نَفْسِهِ** ) ( أ ) ياكى ( **حَرْفُ مُضَارَعَةٍ لِلْمُتَكَلِّمِ وَحْدَهُ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، بىرىنچى شەخس بىرلىك سانىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلىگۈچى ئالامەت ( **عَلاَمَةُ الْمُضَارَعَةِ** ) بولىدۇ. بۇ **اَلْهَمْزَةُ** « **أَفْعَلَ، فَعَّلَ، فَاعَلَ، فَعْلَلَ** » ۋەزنىدە ئېنىق دەرىجىدە كەلگەن پېئىللار تەركىبىدە، تۈپ ۋە ياسالما پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى تەركىبىدە دەممىلىك كېلىدۇ. بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ئۇنىڭدىن باشقا تۈردىكى تۈپ ۋە ياسالما پېئىللار تەركىبىدە پەتھەلىك كېلىدۇ:

– **أَعْمَلُ مُدَرِّسَةً فِي الْجَامِعَةِ.** مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

– **أَتَنَاوَلُ الْغَدَاءَ فِى الْمَطْعَمِ .** مەن چۈشلۈك تاماقنى تاماقخانىدا يەيمەن.

– **أَسْتَقْبِلُ صَدِيقِى فِى مَحَطَّةِ السَّيَّارَةِ .** مەن دوستۇمنى ماشىنا بېكىتىدە كۈتۈۋالىمەن.

– **أَتَخَلَّلُ الصُّفُوفَ وَأُزَاحِمُ الْوُقُوفَ .**

مەن قاتار-قاتار كىشىلەر ئارىسىغا كىرىمەن، توختىغانلار ئارىسىدا قىستىلىشىمەن.

– **جَلَسْتُ أُفَكِّرُ قَلِيلاً.** مەن بىر ئاز ئويلانغاچ ئولتۇردۇم.

– **فِكْرَةٌ، لِمَاذَا لاَ أُغْرِى الْعَرِيسَ بِالسَّفَرِ مَعِى فِى الطَّيَّارَةِ ؟**

يەنە بىر گەپ، مەن نېمە ئۈچۈن كېلىنچەكنى مەن بىلەن ئايروپىلاندا سەپەر قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرمەيمەن؟

– **أُكْرَمُ عِنْدَ صَدِيقِى .** مەن دوستۇمنىڭ يېنىدا ھۆرمەتلىنىمەن.

6) بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْأَمْرِ** )

بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** بۇيرۇق پېئىلىنىڭ سۆز بېشىغا قوشۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** دۇر.

(1) ئىككىنچى ھەرپ ( يەنى، ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلىگۈچى ئالامەتتىن كېيىنكى ھەرپ ) سۈكۈنلۇق بولغان ھازىرقى زامان پېئىلى بۇيرۇق شەكلىگە ئۆزگەرگەندە، ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلىگۈچى ئالامەت ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، سۆز بېشىغا بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** قوشۇلىدۇ:

– **دَعَا يَدْعُو اُدْعُ** چاقىر **اِنْسَحَبَ يَنْسَحِبُ اِنْسَحِبْ** چېكىن **قَرَأَ يَقْرَأُ اِقْرَأْ** ئوقۇ

(2) بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارغا قوشۇلغاندا، ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ ئاخىرىدىن ھېسابلىغاندا ئىككىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىسىگە قارىلىدۇ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەسرىلىك ( ئاخىردىن ھېسابلىغاندا ئىككىنچى ھەرپ پەتھەلىك ياكى كەسرىلىك بولغاندا )

ياكى دەممىلىك ( ئاخىرىدىن ھېسابلىغاندا ئىككىنچى ھەرپ دەممىلىك بولغاندا ) بولىدۇ؛ ياسالما پېئىللاردا ئادەتتە كەسرىلىك بولىدۇ:

– **سَمَحَ يَسْمَحَ اِسْمَحْ** (يول قوي)  **مَسَكَ يَمْسِكُ اِمْسِكْ** (تۇت)  **حَضَرَ يَحْضُرُ اُحْضُرْ** (ھازىر بول)

– **اِنْضَمَّ يَنْضَمُّ اِنْضَمَّ** ( قاتناشقىن)  **اِسْتَعْمَلَ يَسْتَعْمِلُ اِسْتَعْمِلْ** ( قوللان)

(3) ئەمما، بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** « **اَفْعَلَ يُفْعِلُ** » ۋەزنىدىكى ئۈچ ھەرپلىك ياسالما پېئىللاردا پەتھەلىك كېلىدۇ:

– **أَجْبَرَ يُجْبِرُ أَجْبِرْ** ( مەجبۇرلا )  **أَعَادَ يُعِيدُ أَعِدْ** ( قايتىلا )  **أَحْصَى يُحْصِي أَحْصِ** ( ھېسابلا )

بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** « **أَفْعَلَ** » ۋەزنىدىكى ئۈچ ھەرپلىك ياسالما پېئىللاردا كەلگەندە، ئۇ ئايرىپ ئوقۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْقَطْعِ** ) بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇپ ئوقۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْوَصْلِ** ) بولىدۇ.

– **أَصْغِ جَيِّدًا وَاحْفَظْ وِصَايَاىَ، وَاعْمَلْ بِهَا تَعِشْ مُحْتَرَمًا** .

ياخشى قۇلاق سال، ۋەسىيەتلىرىمنى ئەستە تۇت، ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىل، ھۆرمەتلەنگەن ھالدا ياشايسەن.

– **قُمْ وَانْظُرْ حَوَالَيْكَ اِلَى أُمِّكَ وَأَخَوَيْكَ وَأَخَوَاتِكَ**.

تۇر، ئەتراپىڭغا: ئاناڭ، ئىككى ئوغۇل قېرىندىشىڭ ۋە قىز قېرىندىشىڭغا قارا.

– **اُدْعُهُ اِلَى الدَّاخِلِ وَأَقْعِدْهُ بِجَانِبِ الْمَدْفَأَةِ** . ئۇنى ئىچكىرىگە چاقىرىپ كىر، ئۇنى مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇز.

7) كۆپلۈك ساننى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْجَمْعِ** )

بۇ ـ **أَفْعُلٌ** ۋەزنىدىكى پارچە كۆپلۈك سانىنىڭ سۆز بېشىدا كېلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** بولۇپ، بۇ خىل ۋەزىندىكى كۆپلۈك سان ئون ئىچىدىكى كۆپلۈك ساننى بىلدۈرىدۇ:

– **نَفْسٌ ج أَنْفُسٌ** (روھ)  **نَهَارٌج أَنْهُرٌ** ( كۈندۈز)  **حَرْفٌ ج أَحْرُفٌ** (ھەرپ)  **ذِرَاعٌ ج أَذْرُعٌ** (بىلەك)

– **شَهْرٌ ج أَشْهُرٌ** ( ئاي)  **بُرْدَةٌ ج أَبْرُدٌ** (رىدا، پىلاش)

8) تەئەججۈپنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ التَّعَجُّبِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ـ تۇراقلىق سۆز شەكلىگە ئىگە ئىككى تەئەججۈپ پېئىل ( **أَفْعَلَ، أَفْعِلْ بِهِ** ) نىڭ سۆز بېشىدا كېلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** دۇر:

– **مَا أَدْنَأَ عَابِدَ الْمَالِ** ! مال ـ دۇنياغا چوقۇنغۇچى نېمىدېگەن پەسكەش!

– **أَشْدِدْ بِكَوْنِ الْجَبَلِ مُرْتَفِعًا** ! تاغنىڭ ئېگىز بولۇشى نېمە دېگەن زور !

– **مَا أَرْوَعَ هَذَا الْفِيلْمَ** ! بۇ فىلىم نېمە دېگەن رەڭدار!

9) سەلبىي مەنىنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمَزَةُ** ( **هَمْزَةُ السَّلْبِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ـ ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ **أَفْعَلَ** ۋەزنىدىكى ياسالما پېئىلنى ھاسىل قىلىپ، ئەسلىي ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىل ئىپادىلىگەن مەنىگە قارىمۇ ـ قارشى بولغان سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ:

– **شَكَا لِي زَيدٌ وَأَشْكَيْتُهُ**. زەيد ماڭا دادلاندى، مەن ئۇنىڭ دادلىشىنى بېسىقتۇردۇم.

– **كَذَبَ رِشَادٌ وَأَكْذَبَهُ حَمِيدٌ**. رىشات يالغان ئېيتتى، ھەمىد ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى.

10) «. . . ۋاقتى بولدى، . . . پەيتى كەلدى» دېگەن مەنىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْحَيْنُونَةِ** )

بۇ اَلْهَمْزَةُ ـ ئۈچ ھەرپلىك ئۆتۈملۈك تۈپ پېئىللارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەسلىدىكى مەنىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا « ...ۋاقتى بولدى، ... پەيتى كەلدى» دېگەن يېڭى مەنىنى قوشىدۇ:

– **أَحْصَدَ الزَّرْعُ** . زىرائەتلەرنىڭ يىغىم ۋاقتى بولدى. – **أَرْكَبَ الْمُهْرُ**. تاينىڭ مىنىش ۋاقتى بولدى.

– **أَقْصَلَ الْقَمْحُ** . بۇغداينىڭ ئوراش ۋاقتى بولدى. – **أَطَمَّ الشَّعْرُ**. چاچنى ئېلىش پەيتى كەلدى.

11) ئۆتۈملۈكلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ التَّعْدِيَةِ أَوْ هَمْزَةُ النَّقْلِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ سۆز شەكلىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئۆتۈمسىز پېئىلنى ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ، بىر ئۆتۈملۈك پېئىلنى قوش ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ. قوش ئۆتۈملۈك پېئىلنى ئۈچ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ.

– **جَلَسَ الشَّيْخُ فِي الْحَدِيقَةِ** . ← **أَجْلَسَ الطَّبِيبُ الْمَرِيضَ** .

ياشانغان كىشى باغچىدا ئولتۇردى. دوختۇر كېسەلنى ئولتۇرغۇزدى.

– **لَبِسَ الْوَلَدُ الثَّوْبَ**. ← **أَلْبَسَ الْوَلَدَ أَخُوهُ الثَّوْبَ** .

بالا كىيىم كىيدى. بالىغا ئاكىسى كىيىم كىيدۈردى.

– **عَلِمْتُ الْخَبَرَ صَحِيحًا**. ← **أَعْلَمَنِيَ الْخَبَرَ صَحِيحًا** .

مەن خەۋەرنى توغرا دەپ بىلدىم. ئۇ ماڭا خەۋەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

12) «... دەپ بىلىش » مەنىسىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْوِجْدَانِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ئۆتۈمسىز ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىلنىڭ سۆز شەكلىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئۆتۈمسىز پېئىلنى ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ، ئەسلىدىكى مەنىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا «... دەپ بىلدى، ھېسابلىدى» دېگەن مەنىنى قوشىدۇ:

– **جَبُنَ كَمَالٌ**. كامال قورقۇنچاقلىق قىلدى. **أَجْبَنَ شَرِيفٌ كَمَالاً**. شەرىپ كامالنى قورقۇنچاق دەپ ھېسابلىدى.

–**كَذَبَ عَلِيٌّ** . ئەلى يالغان ئېيتتى. **أَكْذَبَ نَجِيبٌ عَلِيًّا** نەجىپ ئەلىنى يالغان ئېيتتى دەپ بىلدى.

13) «... نى ئېلىپ كېلىش » مەنىسىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْإِتْيَانِ** )

بۇ **اَلْهَمْزَةُ** ـ ئۆتۈمسىز ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ سۆز شەكلىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى «**أَفْعَلَ يُفْعِلُ** » ۋەزنىدىكى ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ، ئەسلىدىكى مەنىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا «... نى ئېلىپ كەلدى، ... ئىش قىلدى» دېگەن مەنىنى قوشىدۇ.

– **أَحْسَنْتَ** ( = **أَتَيْتَ بِفِعْلٍ حَسَنٍ** ) ياخشى قىلدىڭ. ( ياخشى ئىش ئېلىپ كەلدىڭ )

– **أَقْبَحْتَ** ( = **أَتَيْتَ بِفِعْلٍ قَبِيحٍ** ) سەت قىلدىڭ ( سەت ئىش قىلدىڭ )

– **أَغْرَبَ فَرِيدٌ** ( = **أَتَى فَرِيدٌ بِالشَّيْءِ الْغَرِيبِ** ) پەرىد غەلىتە قىلدى ( پەرىد غەلىتە بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدى )

– **أَعْوَصَ مُرَادٌ فِي الْكَلاَمِ** ( = **أَتَى مُرَادٌ بِالْعَوِيصِ مِنَ الْكَلاَمِ** ) مۇراد سۆزنى مۇجمەل قىلدى.

2. **اَلْهَمْزَةُ** ئاخىرى قاتقان قوشۇمچە ( **اَلْحَرْفُ الْمَبْنِيُّ** )

1) سوئال ئۈلانمىسى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ الْاِسْتِفْهَامِ** )

سوئال ئۈلانمىسى **اَلْهَمْزَةُ** يەنى ـ سوئالنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچە. (سوئال ئۈلانمىسى (أَ) گە قاراڭ.)

2) باراۋەرلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ( **هَمْزَةُ التَّسْوِيَةِ** )

باراۋەرلەشتۇرگۇچى اَلْهَمْزَةُ بىر مەستەر قوشۇمچىسى بولۇپ، أَمْ ۋە سَوَاءٌ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىپ « . . .مەيلى . . . بولسۇن، ياكى . . . بولسۇن ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ( باراۋەرلەشتۇرگۇچى أَ گە قاراڭ).

3) چاقىرىق قوشۇمچىسى اَلْهَمْزَةُ ( هَمْزَةُ النِّدَاءِ )

چاقىرىق قوشۇمچىسى اَلْهَمْزَةُ ـ يېقىندىكىنى چاقىرىش (حَرْفٌ لِنِدَاءِ الْقَرِيبِ) « أَ » دۇر. تەپسىلاتىنى يېقىندىكىنى چاقىرىش قوشۇمچىسى أَ دىن كۆرۈپ پايدىلىنىڭ.

II . اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئوقۇلۇشى

اَلْهَمْزَة نىڭ ئوقۇلۇشى ئىككى خىل: ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ( هَمْزَةُ الْقَطْعِ أو هَمْزَةُ الْفَصْلِ ) ۋە قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ( هَمْزَةُ الْوَصْلِ )

1. ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ( هَمْزَةُ الْقَطْعِ أو هَمْزَةُ الْفَصْلِ )

بۇ اَلْهَمْزَةُ جۈملىنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسىدا كېلىشتىن قەتئىينەزەر ياكى ۋە باشقا ئەھۋال ئاستىدىمۇ يېزىلىدۇ ۋە ئوقۇلىدۇ. ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ئېلىپ كەلگەن ئىسىم كىچىكلەتمە ئىسىمغا ئايلانغاندا، ئۇنىڭ اَلْهَمْزَةُ سى ساقلىنىپ قالىدۇ.

1) ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ مۇھىمى مۇنۇ تۆردىكى سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدا ئۇچرايدۇ.

(1) أَفْعَلَ ۋەزنىدىكى تۆت ھەرپلىك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان، بۇيرۇق شەكلى ۋە مەستىرىدە:

– أَقْدَمَ الْبَطَلُ عَلَى الْكِفَاحِ وَأَفْشَلَ هُجُومَ الْعَدُوِّ .

قەھرىمان كۈرەشتە جاسارەتلىك بولدى ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى.

– أَقْرَأْهُ الْوَثِيقَةَ وَأَعْلِمْهُ قَرَارَ اللَّجْنَةِ صَحِيحًا.

سەن ئۇنىڭغا ھېلىقى ھۆججەتنى ئوقۇپ بەر، ۋە ئۇنىڭغا كومىتېتنىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىنى ئۇقتۇر.

– نَسْتَطِيعُ اِتْمَامَ هَذَا الْعَمَلِ مَسَاءَ غَدٍ. بىز بۇ خىزمەتنى ئەتە كەچ تاماملىيالايمىز.

– إِعْلاَنُ الشَّرِكَةِ قَدْ نُشِرَ فِي الصُّحُفِ، اِنَّهُ أَحْسَنُ إِعْلاَنٍ.

شىركەتنىڭ ئېلانى گېزىتتە تارقىتىلدى، ئۇ ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى بىر ئېلان.

– حُكِمَ عَلَيْهِ بِالْإِعْدَامِ . ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

(2) بىرىنچى شەخس بىرلىك ساندىكى ھازىرقى زامان پېئىلىدا:

– أَدْرُسُ دُرُوسِي يَوْمِيًّا. مەن دەرسلىرىمنى ھەر كۈنى ئۆگىنىمەن.

– اَسْتَمِعُ اِلَى الْأَخْبَارِ دَائِمًا. مەن دائىم خەۋەرلەرنى ئاڭلايمەن.

– أُحِسُّ وَحْشَةً فِي نَفْسِي مِنْ أَثَرِ مُفَارَقَةِ الْأَهْلِ وَالْأَصْدِقَاءِ.

ئائىلىدىكىلەر ۋە دوستلاردىن ئايرىلغانلىقتىن كۆڭلۈمدە بىر غېرىبسىنىش ھېس قىلىۋاتىمەن.

(3) اِنَّ، أَنَّ، أَلاَ، أَمَا قاتارلىق قوشۇمچىلاردا:

(4) تۇراقلىق شەكىلدىكى ئىككى تەئەججۇپ پېئىلىدا:

– مَا أَكْرَمَ سَمِيرًا ! سەمىر نېمىدېگەن مەرد. – أَعْظِمْ بِالصِّينِ! جوڭگو نېمىدېگەن ئۇلۇغ.

(5) ئادەتكە ئايلىنىلغان، قوشۇپ ئوقۇلغان اَلْهَمْزَةُ بىلەن باشلانغان ئىسىمدىن سىرت ، باشقا اَلْهَمْزَةُ بىلەن باشلانغان بىرلىك سان، كۆپلۈك ساندىكى ئىسىمدا:

– أَبْطَالُ ٱلْأُمَّةِ يُدَافِعُونَ عَنْ أَرْضِ الْوَطَنِ . خەلق قەھرىمانلىرى ۋەتەن زىمىنىنى قوغدايدۇ.
– يَذْبَحُ الْمُسْلِمُونَ فِي عِيدِ ٱلْأَضْحَى ٱلْأَغْنَامَ . مۇسۇلمانلار قۇربان ھېيتتا قوينى قۇربانلىق قىلىدۇ.
(6) ئايرىلىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ئىلىپ كەلگەن ئىسىمدىن كېلىپ چىققان كىچىكلەتمە ئىسىمدا:
– أُمٌّ – أُمَيْمَةٌ ئانىچاق أَخٌ – أُخَيٌّ ئۇكىچاق
(7) چاقىرىق قوشۇمچىسى يَا دىن كېيىن كەلگەن اللهُ سۆزدىكى ئېنىقلىق ئالامىتى ال دە:
– يَا اللهُ ! ئى ئاللاھ !
2) ئايرىلىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئوقۇلۇشى
قانداق ئەھۋالدا كېلىشتىن قەتئىينەزەر ئۇ ئېنىق ئوقۇلىدۇ.
2ـ قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ( هَمْزَةُ الْوَصْلِ )
بۇ اَلْهَمْزَةُ سۆزنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەندە يېزىلىدۇ ۋە ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشلىنىشى سۈكۈنلۇق ئوقۇلۇشتىن ساقلىنىدۇ. ئەمما جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە، پەقەتلا « ا » يېزىلىدۇ، ئوقۇلمايدۇ.
1) قوشۇپ ئوقۇلغان اَلْهَمْزَةُ مۇھىمى تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بېشىدا ئۇچرايدۇ:
(1) ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىدە:
– اُكْتُبْ وَاجِبَاتِكَ وَادْرُسْ دَرْسَكَ . تاپشۇرۇقۇڭنى ياز! دەرسىڭنى ئۆگەن!
(2) بەش ھەرپلىك، ئالتە ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى، بۇيرۇق شەكلى ۋە مەسدىرىدە:
– بَدَأَتِ الْحَرْبُ فَاسْتُدْعِيَ الضُّبَّاطُ ٱلِاحْتِيَاطِيُّونَ. ئۇرۇش باشلاندى، زاپاس ئوفىتسېرلار چاقىرتىلدى.
– أَخُوكَ اِنْتَفَعَ بِعِلْمِهِ اِنْتِفَاعًا جَمًّا، فَانْتَفِعْ مِثْلَهُ !
سېنىڭ قېرىندىشىڭ ئۆزىنىڭ بىلىمىدىن كۆپ پايدىلاندى، سەن ئۇنىڭغا ئوخشاش پايدىلان.
(3) اِسْمٌ، اِبْنٌ، اِبْنَةٌ، اُمْرُؤٌ، اِمْرَأَةٌ، اِثْنَانِ، اِثْنَتَانِ، اَيْمَنٌ، اِبْنُمٌ، اَيْمٌ، اِسْتٌ، قاتارلىق ئىسىملاردا.
– مَا اسْمُكَ ؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ – لَهُ ابْنٌ وَابْنَةٌ. ئۇنىڭ بىر ئوغلى ۋە بىر قىزى بار.
(4) ئېنىقلىق ئالامىتى « ال » ( اَلْ التَّعْرِيفِ ) دە:
– تَهْتَمُّ الْحُكُومَةُ بِالزِّرَاعَةِ اِذْ أَنَّهَا أَسَاسُ ٱلِاقْتِصَادِ الْقَوْمِيِّ.
ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى.
– اَلنَّاسُ يَلْجَؤُونَ اِلَيْهِ كُلَّمَا دَبَّ الشِّقَاقُ بَيْنَهُمْ. كىشىلەر ئارىسىدا ماجىرا ھەر بىر پەيدا بولغاندا ئۇلار ئۇنى ئىزدەپ بارىدۇ.
– بُنِيَ كَثِيرٌ مِنَ الْمَسَاكِنِ فِي هَذِهِ الْقَرْيَةِ . بۇ كەنتتە نۇرغۇن تۇرالغۇلار سېلىندى.
2) قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَة نىڭ ئوقۇلۇشى.
(1) ئېنىقلىق ئالامىتى « ال » ۋە « اَيْمُنٌ » تەركىبىدە پەتھەلىك ئوقۇلىدۇ.
(2) ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىلنىڭ ھازىرقى زامانى يَفْعُلُ بولغىنىدىن ئىپادىلەنگەن بۇيرۇق پېئىلدا، بەش ھەرپلىك، ئالتە ھەرپلىك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانىنىڭ مەجھۇل شەكلىدە ۋە اُمْرُؤٌ دا دەممىلىك ئوقۇلىدۇ.
– اُدْرُسْ يَا وَلَدُ! ئى بالا، ئۆگەن.
– اُحْتُرِمَ مَنْ يَخْدَمُ الشَّعْبَ . خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار كىشى ھۆرمەتلەندى.

– أُمْرُؤُ الْقَيْسِ شَاعِرٌ جَاهِلِيٌّ مَشْهُورٌ.  ئۇمرۇ قەيس جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر.

(3) ھازىرقى زامانى يَفْعَلُ، يَفْعِلُ ۋەزنىدە بولغان ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شـەكلى، بەش ھەرپلىك، ئالتە ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى، بۇيرۇق شـەكلى ۋە مەسـتەرلىرى ۋە اِسْمٌ، اِبْنٌ، اِبْنَةٌ، اِمْرَأَةٌ، اِثْنَانِ، اِثْنَتَانِ، اِسْتٌ قاتارلىق ئىسىملاردا كەسرىلىك ئوقۇلىدۇ:

– اِذْهَبْ اِلَيْهِ بِسُرْعَةٍ !  ئۇنىڭ يېنىغا تېز بار!  – اِرْفِدْنِي.  مېنى قوللا!

– اَلشَّقَّةُ مُتَكَوِّنَةٌ مِنْ غُرْفَتَيْنِ لِلنَّوْمِ وَغُرْفَةِ اسْتِقْبَالٍ وَ مَطْبَخٍ وَحَمَّامٍ .

بىر يۇرۇش ئۆي ئىككى ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانا، بىر ئاشخانا ۋە بىر تازىلىق ئۆيىدىن تەركىب تاپقان.

– اِحْتِرَامُ الْآخَرِينَ فَضِيلَةٌ. باشقىلارنى ھۆرمەتلەش بىر پەزىلەت  – مَتَى انْصَرَفَ نَعِيمٌ ؟ نەئىم قاچان كېتىپ قالدى؟

– عِنْدَنَا اجْتِمَاعٌ بَعْدَ الظُّهْرِ.  بىزگە چۈشتىن كېيىن يىغىن بار.

(4) بەش ھەرپلىك، ئالتە ھەرپلىك پېئىللارنىڭ مەسـتىرىگە ئېنىقلىق ئالامىتى «ال» قوشـۇلغاندىن كېيىن، قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ئوقۇلمايدۇ، بەلكى ئېنىقلىق ئالامىتىدىكى اَللاَّمُ كەسرەگە ئۆزگەرتىلىپ ئوقۇلىدۇ:

– جِئْنَا لِلاِشْتِرَاكِ فِي نَشَاطَاتِكُمْ.  بىز پائالىيىتىڭلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدۇق.

– اَلاِجْتِهَادُ أُمُّ النَّجَاحِ. تىرىشچانلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى.  – قَدْ تَمَّ الاِسْتِعْدَادُ . تەييارلىق پۈتتى.

– اَحْرَزَتِ الصِّينُ اِنْجَازَاتٍ عَظِيمةً بَعْدَ اتِّخَاذِ سِيَاسَةِ الاِنْفِتَاحِ وَالإِصْلاَحِ.

ـ ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھات سىياستى قوللىنىلغاندىن كېيىن جۇڭگو زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

3) قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ تۆۋەندىكى ئەھۋالدا چۈشۈپ قالىدۇ، يېزىلمايدۇ ۋە ئوقۇلمايدۇ.

(1) ئېنىقلىق ئالامىتى ال بىلەن كەلگەن ئېنىق ھالەتتىكى ئىسىمغا ئالد قوشۇلغۇچى اَللاَّمُ قوشۇلغاندا:

– لِلْمُوَاطِنِ حُقُوقٌ .  پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى بار.

– جَلَسَ الْفَلاَّحُ فِي ظِلِّ شَجَرَةٍ لِلاِسْتِرَاحَةِ . دېھقان دەم ئېلىش ئۈچۈن دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇردى.

– جِئْتُ اِلَيْكَ لِلإِجَابَةِ عَنِ الْأَسْئِلَةِ التَّالِيَةِ . مۇنۇ سوئاللار جاۋاب بېرىش ئۈچۈن سېنىڭ يېنىڭغا كەلدىم.

(2) پېئىلنىڭ سـۆز بېشـىدا قوشـۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ بولۇپ، بۇ قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ دىن كېيىن بىر سۈكۈنلۈق اَلْهَمْزَةُ بولغىنىدا، بۇ پېئىلنىڭ ئالدىغا باغلىغۇچى اَلْفَاءُ ياكى اَلْوَاوُ قوشۇلغاندا:

– فَأْتِ ! ( ئەسلىسى : فَائْتِ) كەل!  وَأْتَمِنْ ! ( ئەسلىسى : وَائْتَمِنْ) ئىشەن!

(3) سوئال ئۈلانمىسى اَلْهَمْزَةُ دىن كېيىن كەلگىنىدە:

– أَبْنُكَ هَذَا أَمْ أَخُوكَ ؟  بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ ياكى قېرىندىشىڭمۇ ؟

– أَسْمُكَ حَسَنٌ أَمْ حُسَيْنٌ ؟ سېنىڭ ئىسمىڭ ھەسەنمۇ ياكى ھۈسەيىنمۇ؟

– أَسْتَعْلَمْتَ جَلِيلاً الْأَمْرَ ؟  سەن جەلىلدىن ھېلىقى ئىشنى سورۇشتۇردىڭمۇ؟

(4) « اِسْمٌ » سۆزىدىكى اَلْأَلِفُ مۇنۇ قۇرۇلمىدا ئادەتتە چۈشۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ:

– بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ .  ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

(5) « اِبْنٌ » سۆزى ئىككى كىشى ئىسمىنىڭ ئارىسىدا كەلگەن بولۇپ، ئىككىنچى ئىسىم بىرىنچىسىنىڭ دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئىسمى بولغاندا؛ ۋە چاقىرىق قوشۇمچىسى « يَا » دىن كېيىن كەلگەندە:

– عَمْرُو بْنُ هِنْدَ قَائِدٌ شُجَاعٌ .  ئەمرۇ بن ھىند جەسۇر سەركەردە.

– يَا بْنَ الْأَفَاضِلِ أَقْبِلْ !  ئى، پەزىلەت ئىگىسى، بېرى كەل!

4) قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ تۆۋەندىكى ئەھۋالدا ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ گە ئايلىنىدۇ:

(1) قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ئىلىپ كەلگەن ئومۇمىي ئىسىم ياكى مەستەردىن خاس ئىسىمغا ئۆزگەرگەنلىرىنىڭ سۆز بىشىدىكى اَلْهَمْزَةُ ئايرىپ ئوقۇلىدۇ:

– اَلاِثْنَيْنِ يَوْمٌ ثَانٍ مِنَ اْلأُسْبُوعِ . دۈشەنبە ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى.

– عَادَتْ اِنْشِرَاحُ قَبْلَ أَمْسِ. ئىنشىراھ ئۈلۈشكۈن قايتىپ كەلدى.

(2) چاقىرىق قوشۇمچىسى « يَا » دىن كېيىن ئىنقلىق ئالامىتىنى ئىلىپ كەلگەن ئىنىق ھالەتتىكى ئىسىمنىڭ ئىنىقلىق ئالامىتىدىكى اَلْهَمْزَةُ ئايرىپ ئوقۇلىدۇ:

– يَا اللهُ ! ئى ئاللاھ ! – يَا اَلَّذِي نَجَحَ ! ئى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى!

5) قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ نىڭ يېزىلىشى

بەزى ئەرەبلەر جۈملە بىشىدا كېلىدىغان قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ نى « اْ » شەكلىدە يازىدۇ، جۈملە ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ نى « ٱ » شەكلىدە يازىدۇ. يەنە بەزى ئەرەبلەر جۈملە بىشىدا كېلىدىغان قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ نى « ٱ » شەكلىدە يازىدۇ. ھازىر ئادەتتە قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ نىڭ كۆپىنچىسى اَلأَلِفُ ( ا ) شەكلىدە يېزىلىدۇ.

– اَلْمُحَادَثَةُ أَصْعَبُ مِنَ الْمُطَالَعَةِ . سۆزلىشىش كىتاب كۆرۈشتىن تەسرەك.

– ﴿ ذَلِكَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ الْحَقِّ الَّذِى فِيهِ يَمْتَرُونَ ﴾

**﴿ئەنە شۇ (بوۋاق) مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا بولۇپ، ئۇ ئۆزى ھەققىدە كىشىلەر دەتالاش قىلىشىۋاتقان ھەق گەپنى قىلدى﴾ (19 ـ سۈرە / مەريەم 34 ـ ئايەت)**

– دَارُ السِّينَمَا اَلْيَوْمَ كَامِلَةُ الْعَدَدِ . كىنوخانا بۈگۈن توشۇق.

– أَصْبَحَتِ ابْتِسَامَةُ ابْنِهِ مُؤْلِمَةً تَبْعَثُ الشَّفَقَةَ وَاْلأَلَمَ .

ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كۈلۈمسىرىشى ھېسداشلىق ۋە قايغۇنى قوزغايدىغان ئېچىنىشقا ئايلاندى.

6) قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ئىلىپ كەلگەن ئىسىم، كىچىكلەتمە ئىسىمغا ئايلانغاندا، اَلْهَمْزَةُ چۈشۈپ قالىدۇ: – اِبْنٌ – بُنَىٌّ ئوغۇلچاق اِسْمٌ – سُمَىٌّ ئىسىمچە

III . اَلْهَمْزَةُ نىڭ يېزىلىشى

اَلْهَمْزَةُ نىڭ يېزىلىشى ئۆزگىرىشچان ۋە كۆپ خىل، ئۇنىڭ سۆز تەركىبىدىكى ئورنى (سۆز بىشى، ئوتتۇرىسى، ئاخىرىدا كېلىشى)، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى، ۋە ئالدىدىكى ھەرپتىكى تەلەپپۇزنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېزىلىشىغا تەسىر قىلىشى مۇمكىن. اَلْهَمْزَةُ نىڭ يېزىلىشى مۇنۇلارغا يىغىنچاقلىنىدۇ:

1 ـ سۆز بىشىدىكى اَلْهَمْزَةُ ( اَلْهَمْزَةُ الْمُبْتَدِئَةُ )

اَلْهَمْزَةُ سۆز بىشىدا كەلگەندە، ئۇ قانداق سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قارىماستىن اَلأَلِفُ شەكلىدە ( أ إ ) يېزىلىدۇ.

1) اَلْهَمْزَةُ پەتھەلىك ياكى دەممىلىك بولسا اَلأَلِفُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

أَبٌ (دادا)، أَسْمَاءٌ (ئىسىملار)، أَوَّلٌ (دەسلەپ، ئاۋۋال)، أَثْلٌ (يۇلغۇن)، أَثِمٌ (گۇناھكار)، أَتُونٌ (تونۇر)، أَخِيرٌ (ئاخىرقى، يېقىنقى)، أَجَلٌ (ئەجەل، مۇددەت)، أَمَامٌ ( ئالدى)، أَمِينٌ (ئىشەنچلىك )

**أُمٌّ** (ئانا)، **أُخْتٌ** (قىز قېرىنداش)، **أُقَّةٌ** (ئۇققە: يېرىم قاداق)، **أُذُنٌ** (قۇلاق)، **أُخِذَ** (ئېلىندى)، **أُجُورٌ** (ئىش ھەققى)، **أُرِيدُ** (مەن خالايمەن)، **أُجَرٌ** (كىرا ھەققى)، **أُسَامَةُ** (شىر: ئادەم ئىسمى)، **أُسْتَاذٌ** (ئۇستاز)

2) **اَلْهَمْزَةُ** كەسرىلىك بولسا **اَلأَلِفُ** نىڭ ئاستىغا يېزىلىدۇ:

ـ **إِبِلٌ** (تۆگە يىلقىسى، تۆگە)، **اِلاَّ** (. . .دىن باشقا)، **إِرِّيسٌ** (دېھقان، ئاگرونوم )، **اِقَامَةٌ** (تۇرۇش)، **إِبَرٌ** (يىڭنىلەر)، **إِزَجَةٌ** (ئەگمە ئىشىك)، **إِثْمٌ** (گۇناھ)

3) **اَلْهَمْزَةُ** پېئىل تەركىب تاپقان ئەسلىي ھەرپ بولۇپ، سۆز بېشىدا، سۈكۇنلۇق تەلەپپۇز قىلىنغىنىدا، ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن **اَلْهَمْزَةُ** تەلەپپۇزىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزى بولىدۇ:

(1) ئالدىغا قوشۇلغىنى دەممىلىك **اَلْهَمْزَةُ** بولسا، ئەسلىي سۆز بېشىدا سۈكۇنلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** ئالمىشىپ **اَلْوَاوُ** يېزىلىدۇ. ۋە ئالدىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلما دەممە ھاسىل قىلىدۇ ياكى، ئۆزگەرتىپ **اَلْوَاوُ** نىڭ ئۈستىگە « ء » يېزىلىپ، سۈكۇنلۇق ئوقۇلىدۇ:

**أُوثِرُ – أُؤْثِرُ** (تاللايمەن، ئارتۇق كۆرىمەن) **أُومُلْ– أُؤْمُلْ** ( ئۈمىد قىل)

**أُومِنُ – أُؤْمِنُ** (ئىشىنىمەن) **أُومُرْ– أُؤْمُرْ** ( بۇيرۇ)

(2) ئالدىغا قوشۇلغىنى پەتھەلىك **اَلْهَمْزَةُ** بولسا، ئەسلىي سۆز بېشىدا سۈكۇنلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** ئالمىشىپ سوزۇلما **اَلْهَمْزَةُ** قىلىپ يېزىلىدۇ:

– **آمُرُ** (ئەسلىسى: **أَأْمُرُ**) مەن بۇيرۇيمەن. **آمُلٌ** ( ئەسلىسى: **أَأْمُلٌ** ) مەن ئۈمىد قىلىمەن.

– **آمَنَ** ( ئەسلىسى: **أَأْمَنَ**) ئۇ ئىشەندى. **آكَلَ** ( ئەسلىسى: **أَأْكَلَ**) تاماق يېيىشتى.

(3) ئالدىغا قوشۇلغىنى كەسرىلىك **اَلْهَمْزَةُ** بولسا، ئەسلىي سۆز بېشىدا سۈكۇنلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** ئالمىشىپ **اَلْيَاءُ** يېزىلىدۇ، ۋە ئالدىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلما كەسرە ھاسىل قىلىدۇ ياكى ئۆزگەرتىلىپ **اَلْيَاء** ئۈستىگە « ء » يېزىلىپ سۈكۇنلۇق ئوقۇلىدۇ:

– **اِيتِ – اِئْتِ** كەل **اِيدِمْ – اِئْدِمْ** تەم تەڭشىگۈچ سال

– **إِيمَانٌ** ( ئەسلىسى: **إِئْمَانٌ**) ئىشىنىش، ئىمان **إِيثَارٌ** ( ئەسلىسى: **إِئْثَارٌ**) شەخسىيەتسىزلىك

(4) بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، ئالدىدا سۆز كەلمىگەندە، ئەسلىي سۆزنىڭ بېشىدىكى سۈكۇنلۇق **اَلْهَمْزَةُ** بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلما دەممە ياكى سوزۇلما كەسرە ھاسىل قىلىدۇ. ئالدىدا سۆز كەلگەندە، بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** قوشۇپ ئوقۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** بولغانلىقتىن تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. ئەسلىي پېئىلنىڭ سۆز بېشىدىكى سۈكۇنلۇق **اَلْهَمْزَةُ** مۇناسىپ كېسەل ھەرپ **اَلْوَاوُ** ياكى **اَلْيَاءُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **أُومُرْ يَا قَائِدُ** ! بۇيرۇق بېرىڭ، ئى قوماندان ! **اِيتِ يَا وَلَدُ** ! كەلگىن، ئى بالا!

– **يَا قَائِدُ اؤْمُرْ** ! قوماندان، بۇيرۇق بېرىڭ ! **يَا بِنْتُ اِئْدِمِى الْخُبْزَ** ! ئى قىز، نانغا تەم تەڭشىگۈچ سېلىڭ!

4) سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى **اَلْهَمْزَةُ** بولۇپ، ئۇ سوئال ئۇلانمىسى **اَلْهَمْزَةُ** دىن كېيىن كەلگەندە، ئۇنىڭ يېزىلىشىدا تۆۋەندىكىچە ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ:

(1) سوئالنى ئىپادىلەيدىغان **اَلْهَمْزَةُ** دىن كېيىن قوشۇپ ئوقۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** كەلسە، قوشۇپ ئوقۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** چۈشۈپ قېلىپ، پەقەت سوئالنى ئىپادىلەيدىغان **اَلْهَمْزَةُ** يېزىلىدۇ:

– **اَسْمُكَ خَالِدٌ** ؟ (**أَاِسْمُكَ خَالِدٌ ؟**) ئىسمىڭىز خالىدمۇ؟ **أَبْنُكَ مَوْجُودٌ** ؟ ئوغلۇڭ بارمۇ؟

– أَسْتَفْهَمْتَ عَنِ الْحَادِثَةِ ؟( أَاِسْتَفْهَمْتَ عَنِ الْحَادِثَةِ ؟) سەن ھېلىقى ھادىسىنى سورۇشتۇردۇڭمۇ؟

(2) سوئالنى ئىپادىلەيدىغان اَلْهَمْزَةُ دىن كېيىن ئىنىقلىق ئالامىتى ال بىلەنكى ئىسىم كەلسە، ئىنىقلىق ئالامىتىدىكى قوشۇپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ سوئالنى ئىپادىلەيدىغان اَلْهَمْزَةُ بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلما پەتھە ھاسىل قىلىدۇ:

– آلرَّجُلُ قَالَ ذَلِكَ أَمِ الْمَرْأَةُ ؟ (أَالرَّجُلُ ...) ھېلىقى ئەر ئاشۇنى دېدىمۇ ياكى ئايالمۇ؟

– آلَّذِى جَاءَ الْمُعَلِّمُ؟ كەلگەن كىشى ئۇستازمۇ؟

(3) سوئالنى ئىپادىلەيدىغان اَلْهَمْزَةُ دىن كېيىن ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ كەلسە، ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ، اَلأَلِفُ شەكلىدە يېزىلىدۇ. سوئالنى ئىپادىلەيدىغان اَلْهَمْزَةُ بىلەن ئايرىپ ئوقۇلىدىغان اَلْهَمْزَةُ ئارىسىدا بىر ئارتۇق قوشۇلىدىغان اَلأَلِفُ كېلىدۇ، بۇ اَلأَلِفُ مۇستەقىل يېزىلماستىن، سوئالنى ئىپادىلەيدىغان اَلْهَمْزَةُ بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلما پەتھە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

– أَ أَنْتَ قُلْتَ ذَلِكَ؟ سەن ئاشۇنى دېدىڭمۇ؟ آ أَنْتَ فَعَلْتَ ذَلِكَ؟ سەن ئاشۇنى قىلدىڭمۇ؟

– أَ أَجِيئُكَ أَمْ تَجِيئُنِى؟ مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارامدىمەن ياكى سەن مېنىڭ يېنىمغا كېلەمسەن؟

5) سۆز بېشىدا اَلْهَمْزَةُ بولغان يەككە سۆزگە اَلْبَاءُ، اَلسِّينُ، اَلْفَاءُ، اَلْيَاءُ، اَلْكَافُ، اَلتَّاءُ، اَلنُّونُ، اَللاَّمُ، اَلْوَاوُ، ياكى ال التَّعْرِيفِ قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئەسلىي سۆز بېشىدىكى اَلْهَمْزَةُ گە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇرۇنقىدەك يېزىلىدۇ باشقا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

– بِأَجْمَل، لِأَفْضَل، سَأَرَى، فَأُقَدِّمُ، يَأْكُلُ، تَأْمُلُ، كَأَنَّكَ، وَأَبِيكَ، اَلاِنْسَانُ، نَأْمُرُ.

6) لېكىن لَئِنْ ( لَ+ اِنْ ) لِئَلاَّ، هَؤُلاَءِ قاتارلىقلاردىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ يېزىلىشى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ يېزىلىش قائىدىسى بويىچە بىرتەرەپ قىلىنغان.

2. سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ ( اَلْهَمْزَةُ الْمُتَوَسِّطَةُ )

سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ (سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ گە مەنسۇپ بولغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يېزىلىشى شۇ اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئۆزىنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئەرەب تىلىدىكى تۆت تەلەپپۇز بەلگىسىنىڭ ئۈچى ـ سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى (اَلْحَرَكَاتُ)، ۋە بىرى ـ سۇكۇن (اَلسُّكُونُ) بولۇپ، كۈچلۈك، ئاجىزلىق جەھەتتە پەرقكە ئىگە:

كەسىر (ـِـ) – ئەڭ كۈچلۈك؛ دەممە (ـُـ) كۈچلۈك ؛ پەتھە (ـَـ) كۈچسىز؛ سۇكۇن (ـْـ) ئەڭ كۈچسىز؛ سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئۆزىنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى بىلەن ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى سېلىشتۇرۇلىدۇ، كۈچلۈك بولغان تەلەپپۇز بەلگىسىگە مۇناسىپ كەلگەن كېسەل ھەرپ اَلْوَاوُ، اَلْيَاءُ ياكى اَلأَلِفُ نىڭ بىرىگە اَلْهَمْزَةُ يېزىلىدۇ ياكى مۇستەقىل يېزىلىدۇ.

1) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ كۆپىنچە ئالدىدىكى ھەرپنىڭ سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىگە مۇناسىپ كېسەل ھەرپكە يېزىلىدۇ.

(1) اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئۆزى سۇكۇنلۇق بولغاندا:

– رَأْسٌ ، اَلْكَأْسُ ، يَأْمَلُ ، لَمْ يَقْرَأْهُ ، نَشَأْتَ ، اَلْفَأْسُ ، بُؤْسٌ ، اَللُّؤْمُ ، يُؤْمِنُ ، لَمْ يَجْرُؤْنَ ، جَرُؤْتُ ، اَلْمُؤْمِنُ ، بِئْرٌ ، اَللِّئْمُ ، يَجِئْنَ ، اِئْتِ ، جِئْتَ ، اَلذِّئْبُ

(2) اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئۆزى پەتھەلىك بولغاندا:

– سَأَلَ، اَلتَّأَدُ ، يَتَأَلَّفُ ، تَآلَفَ ، مَآخِذُ ، اَلْمَآدِبُ ، اَلْمُؤَلِّفُ ، اَلْبُؤَسَاءُ ، يُؤَلِّفُ ، تُؤَاخِذُ ، سُؤَالٌ ، اَلْمُؤَاخَاةُ ، تَخْبِئَةٌ ، اَلْفِئَةُ ، خَطِئَتْ، لاَ تُخْطِئِينَ ، بِئَارٌ ، اَلذِّئَابُ

(3) اَلْهَمْزَةُ دەممىلىك بولسا، كېيىن ھەرپ اَلْوَاوُ نىڭ ئۈستىگە، ئالدىدىكى ھەرپ كەسىرلىك كەلگەن بولسا اَلْيَاءُ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– لَؤُمَ ، رَؤُفٌ ، يَقْرَؤُهُ ، دَؤُوبٌ ؛ لُؤُمٌ ، اَلرُّؤُدُ ، لُؤْلُؤُهُ ، رُؤُوسٌ ؛ مُنْشِئُهُ، قَارِئُهُ ، يُخْطِئُهُ ، فِئُونٌ

(4) اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئۆزى كەسىرلىك بولسا، كېيىن ھەرپ اَلْيَاءُ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– سَئِمَ ، بَئِسَ ، دَئِبَ ، رَئِيسٌ ؛ سُئِلَ ، رُئِيَ ، ثُئِبَ ، تَجْزُئِينَ ؛ مِئِينَ ، قَارِئِينَ ، مُنْشِئِينَ ، شِئِينَ

(5) اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ شەددىلىك (ــّــ) بولسا، اَلْهَمْزَةُ ئادەتتە ئالدىدىكى ئاشۇ ھەرپنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىگە مۇناسىپ كېيىنكى ھەرپنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ دەممىلىك؛ ئۇنىڭ ئۆزى پەتھەلىك، ياكى دەممىلىك كەلگەندە اَلْهَمْزَةُ مۇستەقىل يېزىلىدۇ:

– تَبَوَّأْتَ ، جُرِّئْتَ ، مُرَمَّأَةٌ ، مُرَمَّآتٌ، جُزِّئَتْ ، جَزَّؤُوهَا ، يُجَزِّئُهُ ، تَتَبَوَّئِينَ ، تَبَوُّئِهِ ، تُجَرِّئِينَ

– أَخْبَرَنِي تَبَوُّءَكَ ذَلِكَ الْمَنْصِبَ . ئۇ ماڭا ئاشۇ مەنسەپنى ئىگىلىگەنلىكىڭنى خەۋەر قىلدى.

– يَسُرُّنِي تَبَوُّءُكَ الْمَنْصِبَ الْوِزَارِيَّ. سېنىڭ ئىچكى كابىنېت مەنسىپىنى ئىگىلىگەنلىكىڭ مېنى خۇشاللاندۇردى.

– أَنَا مَسْرُورٌ بِتَبَوُّئِكَ الْمَنْصِبَ الْوِزَارِيَّ. مەن سېنىڭ ئىچكى كابىنېت مەنسىپىگە ئېرىشكەنلىكىڭ بىلەن خوشالمەن.

2) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى سۈكۈنلۇق بولغىنىدا، اَلْهَمْزَةُ تۆۋەندىكىچە ئوخشىمىغان ھالدا يېزىلىدۇ:

(1) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سوزۇلما فەتھە(ـَـا) لىك بولۇپ، اَلْهَمْزَةُ نىڭ تەلەپپۇزى ئوخشاش بولمىسا، ئۇنىڭ يېزىلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

اَلْهَمْزَةُ پەتھەلىك بولغاندا، مۇستەقىل يېزىلىدۇ: سَاءَلَ ، قِرَاءَةٌ ، تَرَاءَى ، رَغَّاءَةٌ ، قُرَّاءَهُ

اَلْهَمْزَةُ دەممىلىك بولسا، اَلْوَاوُ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: تَسَاؤُلٌ ، تَفَاؤُلٌ ، تَلاَؤُمٌ ، قُرَّاؤُهُ ، تَشَاؤُمٌ

اَلْهَمْزَةُ كەسرەلىك بولغاندا، اَلْيَاءُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: تُسَائِلُ، سَائِدٌ، عَجَائِزُ، أُولَائِكَ، قُرَّائِهِ

(2) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سوزۇلما دەممە (ـُـو) بولسا مۇستەقىل يېزىلىدۇ: مُرُوءَةٌ ، مَقْرُوءَةٌ ، مَحْشُوءَةٌ ، مَخْبُوءَةٌ

(3) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سوزۇلما كەسرە (ـِـى) بولسا اَلْهَمْزَةُ – اَلْيَاءُ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– بِيئَةٌ ، مَشِيئَةٌ ، رَدِيئَةٌ ، اِيئَاسٌ ، مَجِيئَةٌ ، يُسِيئُونَ ، تُضِيئُونَ ، يُضِيئُهُ ، يُبِيئُهُ ، مَجِيئُهُ تُسِيئِينَ ، تُضِيئِينَ ، تُبِيئِينَ ، مَجِيئِهِ

(4) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ ئالدىدىكى ھەرپ سۈكۈن (ـْـ) لۇق بولغىنىدا اَلْهَمْزَةُ ئۆزىنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسىدا مۇناسىپ كېيىنكى ھەرپنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

مَسْأَلَةٌ، يَيْأَسُ، يَسْأَلُ، اِسْتَيْأَسَ، مَوْأَلَةٌ، أَفْئِدَةٌ، مُسْئِمٌ ، مَسَائِلُ، مَوْئِلٌ، يَزْئِسُ، يَضْؤُلُ، أَرْؤُسُ ، مَوْؤُودَةٌ ، مَيْؤُوسٌ، أَذْؤُبٌ

3) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ دىن كېيىن سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلىگۈچى اَلأَلِفُ بولغىنىدا، اَلْهَمْزَةُ ۋە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلىگۈچى اَلأَلِفُ قوشۇلۇپ «آ» شەكلىدە يېزىلىدۇ:

اَلشَّآمُ ، اَلْقُرْآنُ ، اَلْمِرْآةُ ، اَلسَّآمَةُ ، تَآكَلَ

4) سۆز ئوتتۇرىسىدىكى اَلْهَمْزَةُ گە مەنسۇپ بولغانلارنىڭ يېزىلىشى

سۆز ئوتتۇرىسىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** گە مەنسۇپ بولغانلىرىنىڭ يېزىلىشى نىسبەتەن مۇرەككەپرەك. ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن قائىدىسى يوق. تۆۋەندە كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە مىسالنى كۆرسىتىمىز.

(1) **اَلْهَمْزَةُ** چۈشۈم ۋە ئىگىلىك كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماشلار ( 1 ـ شەخسنىڭ كىشىلىك ئالمىشى **اَلْيَاءُ** دىن باشقا) بىلەن ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ كەلگەندە:

**اَلْهَمْزَةُ** ئېلىپ كەلگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، **اَلْهَمْزَةُ** ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلمىغاندا، **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدا سۈكۇنلۇق ياكى سوزۇلما پەتھەلىك ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** پەتھەلىك بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** مۇستەقىل يېزىلىدۇ. **اَلْهَمْزَةُ** دەممىلىك ياكى كەسرىلىك بولسا، مۇناسىپ كېسەل ھەرپ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **جُزْءَهُ، جُزْؤُهُ، جُزْئِهِ     ضَوْءَهُ ، ضَوْؤُهُ ، ضَوْئِهِ ،     جَزَاءَهُ، جَزَاؤُهُ ، جَزَائِهِ ،     كِسَاءَهُ، كِسَاؤُهُ ، كِسَائِهِ**

ئەگەر **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى پەتھە (ـَــ) ياكى دەممە (ـُــ) لىك ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** ئۆزىنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىگە مۇناسىپ كېسەل ھەرپىنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: **حَدَأَهُ ، حَدَؤُهُ ، حَدَئِهِ ، تَرَدُّأَهُ ، تَرَدُّؤُهُ ، تَرَدُّئِهِ**

**اَلْهَمْزَةُ** ئېلىپ كەلگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، **اَلْهَمْزَةُ** ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلغىنىدا، **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدا سۈكۇنلۇق ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ، اَلْيَاءُ** نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: **شَيْئَهُ، شَيْئُهُ، شَيْئِهِ، عِبْئَهُ، عِبْئُهُ ، عِبْئِهِ**

**اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدا سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى بىلەنكى ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** ئۆزىنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىگە مۇناسىپ كېسەل ھەرپىنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: **رَشَأَهُ، رَشَؤُهُ ، رَشَئِهِ ، خَطَأَهُ ، خَطَؤُهُ ، خَطَئِهِ ، نَبَأَهُ ، نَبَؤُهُ ، نَبَئِهِ**

**اَلْهَمْزَةُ** ئېلىپ كەلگەن سۆز پېئىل بولۇپ، **اَلْهَمْزَةُ** ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلمىغاندا، **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پەتھە ياكى كەسرىلىك بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** ئۆزى دەممىلىك، پەتھەلىك ياكى سۈكۇنلۇق بولغان تەقدىردىمۇ **اَلأَلِفُ** ياكى **اَلْيَاءُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ. ئەمما ئەسلىدە **اَلأَلِفُ** ئۈستىگە يېزىلغان **اَلْهَمْزَةُ** كۆپلۈك سانىنى ئىپادىلىگۈچى باش كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماش **اَلْوَاوُ** بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە، **اَلْهَمْزَةُ** ئەسلىي يېزىلىشىنى ساقلاپ قالسىمۇ بولىدۇ، ئۆزگەرتىلىپ **اَلْوَاوُ** ئۈستىگە يېزىلسىمۇ بولىدۇ، ئاندىن كۆپلۈك سانىنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْوَاوُ** قوشۇلىدۇ:

– **لَمْ أَقْرَأْهُ، قَرَأَهُ ، يَقْرَأُهُ ، قَرَأُوهُ (أَوْ قَرَؤُوهُ)، لَنْ تَقْرَأَهُ، لَمْ تَقْرَؤُوهُ (أَوْ تَقْرَأُوهُ)، لَمْ تَقْرَئِيهِ، لَمْ يُجَزِّئْهُ، جَزَّأَهُ لَنْ يُجَزِّئَهُ، يُجَزِّئُهُ**

– **جَزَّأُوهُ (أَوْ جَزَّؤُوهُ)، لَمْ يُجَزِّئُوهُ، لَنْ تُجَزِّئِيهِ، رَزِئَهُ ، رَزِئُوهُ، لَمْ يَرْزَأْهُ، لَنْ يَرْزَأَهُ ، يَرْزَأُهُ، يَرْزَأُونَهُ (أَوْ يَرْزَؤُونَهُ)، لَمْ تَرْزَئِيهِ**

**اَلْهَمْزَةُ** ئېلىپ كەلگەن سۆز پېئىل بولۇپ، **اَلْهَمْزَةُ** ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلغىنىدا، **اَلْهَمْزَةُ** ئۆزىنىڭ ياكى ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز بەلگىسىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئاساسەن، **اَلأَلِفُ** ياكى **اَلْيَاءُ** نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **لَمْ يُنْشِئْهُ ، أَنْشَأَهُ ، أَنْشَأُوهُ، يُنْشِئُهُ ، لَنْ يُنْشِئَهُ ، لَمْ يُنْشِئُوهُ ، لَمْ تُنْشِئِيهِ، لَمْ يَمْلَأْهُ ، مَلَأَهُ ، مَلَأُوهُ، يَمْلَأُهُ**

– **لَنْ يَمْلَأَهُ، لَمْ يَمْلَأُوهُ، لَمْ تَمْلَئِيهِ، لَمْ يَقِئْهُ ، يَقِيئُهُ، لَنْ يَقِيئَهُ، لَمْ يَقِيئُوهُ، لَمْ تَقِيئِيهِ**

(2) **اَلْهَمْزَةُ** ئاياللىق جىنسىي تۈرنى ئىپادىلىگۈچى **اَلتَّاءُ** بىلەن قوشۇلغاندا، **اَلْهَمْزَةُ** پەتھەلىك بولۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ سۈكۇنلۇق **اَلْيَاءُ** بولسا، **اَلْيَاءُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ. **اَلْوَاوُ** بولسا، مۇستەقىل يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالدا **اَلأَلِفُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **هَيْئَةٌ ( أَوْ هَيْأَةٌ) ، جَيْئَةٌ، فَيْئَةٌ ، سَوْءَةٌ، حَمْأَةٌ ، دَرْأَةٌ ، جُسْأَةٌ ، جُشْأَةٌ ، خِطْأَةٌ**

**اَلْهَمْزَةُ** ۋە ئالدىدىكى ھەرپ پەتھەلىك بولسا **اَلْهَمْزَةُ ، اَلأَلِفُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **مُبَادَأَةٌ ، مَقْرَأَةٌ ، خَطَأَةٌ ، جُبَأَةٌ ، حِدَأَةٌ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سوزۇلما پەتھە ياكى سوزۇلما دەممە بولسا، اَلْهَمْزَةُ مۇستەقىل يېزىلىدۇ:
– **قِرَاءَةٌ، بَدَاءَةٌ ، جَرَاءَةٌ ، مِرْفَاءَةٌ ، رَغَّاءَةٌ ، مُرُوءَةٌ ، مَقْرُوءَةٌ ، مَحْشُوءَةٌ ، مَخْبُوءَةٌ ، دُنُوءَةٌ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ دەممىلىك، اَلْهَمْزَةُ پەتھەلىك بولسا، اَلْهَمْزَةُ، اَلْوَاوُ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: **جُؤَةٌ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرە (سوزۇلما كەسرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لىك بولسا، اَلْهَمْزَةُ، اَلْيَاءُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: – **بَرِيئَةٌ، مَجِيئَةٌ، خَاطِئَةٌ، سَيِّئَةٌ، مَرْزِئَةٌ، تَخْنِئَةٌ**

(3) ئىككىلىك سانىنىڭ **اَلأَلِفُ (أَلِفُ الاِثْنَيْنِ)** ى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى:

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكىسى قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان سۈكۈنلۈق ھەرپ بولسا، اَلْهَمْزَةُ، اَلْيَاءُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:
–**شَيْءٌ –شَيْئَانِ – شَيْئَيْنِ ، عِبْءٌ – عِبْئَانِ – عِبْئَيْنِ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكىسى قوشۇلماي يېزىلىدىغان سۈكۈنلۈق، ياكى سوزۇلما پەتھەلىك، سوزۇلما دەممىلىك ھەرپ بولسا، باش كېلىشتە اَلْهَمْزَةُ مۇستەقىل (ياكى «آ» شەكلىدە) يېزىلىدۇ، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەندە اَلْيَاءُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:
–**جُزْءٌ – جُزْءَان ( جُزْآنِ )– جُزْئَيْنِ ، ضَوْءٌ – ضَوْءَانِ ( ضَوْآنِ ) – ضَوْئَيْنِ ، اِنَاءٌ – اِنَاءَانِ ( اِنَاآنِ ) – اِنَائَيْنِ ، وِعَاءٌ – وِعَاءَانِ ( وِعَاآنِ ) – وِعَائَيْنِ مَخْبُوءٌ – مَخْبُوءَانِ (مَخْبُوآنِ) – مَخْبُوئَيْنِ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكىسى قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان،پەتھەلىك ھەرپ بولسا اَلْهَمْزَةُ باش كېلىشتە «آ» شەكلىدە يېزىلىدۇ ،چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەندە اَلْيَاءُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:
– **خَطَأٌ – خَطَآنِ – خَطَئَيْنِ، نَبَأٌ – نَبَآنِ – نَبَئَيْنِ، مُبْتَدَأٌ – مُبْتَدَآنِ – مُبْتَدَئَيْنِ ، مَقْرَأٌ – مَقْرَآنِ – مَقْرَأَيْنِ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكىسى قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان، دەممىلىك ھەرپ بولسا، اَلْهَمْزَةُ باش كېلىشتە اَلْوَاوُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ، چۈشۈم كېلىش، ئىگىلىك كېلىشتە اَلْيَاءُ نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ: **لُؤْلُؤٌ – لُؤْلُؤَانِ – لُؤْلُئَيْنِ**

اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكىسى كەسرىلىك ھەرپ بولسا، اَلْهَمْزَةُ ، اَلْيَاءُ ئۈستىگە يېزىلىدۇ:
**مَوْطِئٌ – مَوْطِئَانِ – مَوْطِئَيْنِ ، مُبْتَدِئٌ – مُبْتَدِئَانِ – مُبْتَدِئَيْنِ**

پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئىككىلىك سانىنىڭ اَلأَلِفُ بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندىن كېيىنكى يېزىلىشىدا، ئىككىلىك سانىنىڭ اَلأَلِفُ نىڭ ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىشى ھەققىدىكى ئالدىدىكى چۈشەنچىدىن پايدىلىنىڭ:
–**قَرَأَ– قَرَآ، يَقْرَأُ– يَقْرَآنِ، مَلأَ – مَلآ – يَمْلأُ – يَمْلآنِ، جَرُؤَ– جَرُؤَا، يَجْرُؤُ– يَجْرُؤَانِ، بَطُؤَ– بَطُؤَا، يَبْطُؤُ– يَبْطُؤَانِ – رَزَأَ– رَزَآ، يَرْزَأُ– يَرْزَآنِ، شَنِئَ – شَنِئَا، يَشْنَأُ – يَشْنَآنِ، أَنْشَأَ– أَنْشَآ، يُنْشِئُ– يُنْشِئَانِ ، جَاءَ– جَاءَا ، يَجِئُ– يَجِيئَانِ – ضَاءَ– ضَاءَا، يَضُوءُ– يَضُوءَانِ ، أَضَاءَ– أَضَاءَا ، يُضِيئُ– يُضِيئَانِ، اِسْتَاءَ– اِسْتَاءَا ، يَسْتَاءُ– يَسْتَاءَانِ**

دىققەت : **قَرَأَ، رَزَأَ، يَقْرَأُ، يَرْزَأُ** گە ئوخشاش پېئىللارنىڭ تەركىبىدىكى اَلْهَمْزَةُ، اَلأَلِفُ يېزىلىدۇ؛ ئۇ يەنە ئىككىلىك سانىنى ئىپادىلىگۈچى **اَلأَلِفُ**: يەنى باش كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماش **اَلأَلِفُ** بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە، « **قَرَأَا** » ياكى « **قَرَءَا** » يېزىلىسىمۇ، « **رَزَأَا** » « **رَزَءَا** » يېزىلىسىمۇ، « **يَقْرَأَانِ** » ياكى «**يَقْرَءَانِ**» يېزىلىسىمۇ « **لَمْ يَقْرَأَا** » ياكى « **لَمْ يَقْرَءَا** » يېزىلىسىمۇ، « **يَرْزَأَانِ** » ياكى « **يَرْزَءَانِ** »يېزىلىسىمۇ، «**لَمْ يَرْزَأَا**» ياكى « **لَمْ يَرْزَءَا** » يېزىلىسىمۇ بولىدۇ.

(4) كۆپلۈكنى ئىپادىلىگۈچى **اَلْوَاوُ** بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى:

مەيلى ئىسىم ياكى پېئىل بولسۇن، اَلْهَمْزَةُ نىڭ ئالدىدىكىسى پەتھەلىك ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ، اَلأَلِفُ**

ئۈستىگە « ـَ ـَ أُونَ، ـَ ـَ ُ ووا »شەكلىدە يېزىلسىمۇ بولىدۇ، ياكى **اَلْوَاوُ** ئۈستىگە « ـَ ـَ ؤُون، ـَ ـَ ؤُوا» شەكلىدە يېزىلسىمۇ بولىدۇ؛ **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى دەممىلىك ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ، اَلْوَاوُ** ئۈستىگە « . ـُ ؤُونَ ، ـُ ؤُوا » شەكلىدە يېزىلسىمۇ بولىدۇ ؛ **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى سوزۇلما پەتھە ياكى سوزۇلما دەممىلىك ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** مۇستەقىل « **ـَ ـَ اءُون ، ـَ اءُوا ؛ ـُ وءُونَ ، ـُ وءُوا** » شەكلىدە يېزىلىدۇ ياكى **اَلْوَاوُ** نىڭ ئۈستىگە « **ـَ ـَ اؤُونَ، ـَ ـَ اؤُوا ؛ ـُ وؤُونَ ، ـُ وؤُوا** » شەكلىدە يېزىلىدۇ. **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى كەسىرلىك ھەرپ بولسا **اَلْهَمْزَةُ، اَلْيَاءُ** نىڭ ئۈستىگە « **ـِ ئُونَ، ـِ ئُوا ؛ ـِ يئُونَ ، ـِ يئُوا** » شەكلىدە يېزىلىدۇ:

–**جُبَأٌ – جُبَأُونَ (جُبَؤُونَ) – جُبَئِينَ** (قورقۇنچاق) **مُسْتَاءٌ – مُسْتَاءُونَ ( مُسْتَاؤُونَ) – مُسْتَائِينَ** (رەنجىگۈچى)

–**مَمْلُوءٌ – مَمْلُوءُونَ ( مَمْلُوؤُونَ) – مَمْلُوئِينَ** (كۆزى توق) **مُبْتَدِئٌ – مُبْتَدِئُونَ – مُبْتَدِئِينَ** (يېڭى ئۆگەنگۈچى)

–**هَدَأَ – هَدَأُوا ( هَدَؤُوا)، يَسْلأُ – يَسْلأُونَ، مَرُؤَ – مَرُؤُوا، يَصْبُؤُ – يَصْبُؤُونَ، هَزِئَ – هَزِئُوا، يُلْجِئُ – يُلْجِئُونَ، أَسَاءَ – أَسَاءُوا (أَسَاؤُوا) يَشَاءُ – يَشَاءُونَ ( يَشَاؤُونَ)**

(5) نىسپىي سۈپەتنىڭ **اَلْيَاءُ** سى بىلەن قوشۇلۇشى

**اَلْهَمْزَةُ** نىسپىي سۈپەتنىڭ **اَلْيَاءُ** سىغا قوشۇلغاندا، كەسرە ئوقۇلغانلىقتىن بىردەك **اَلْيَاءُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **جُزْئِيٌّ، مَرْئِيٌّ، ضَوْئِيٌّ، مَائِيٌّ، اِنْشَائِيٌّ، أَجْزَائِيٌّ بِدَائِيٌّ، ثُنَائِيٌّ، جِنَائِيٌّ، كَهْرَبَائِيٌّ، مَبْدَئِيٌّ، اِبْتِدَائِيٌّ**

(6) ئاياللىق جىنسىي تۇر پۈتۈن كۆپلۈك سان ئالامىتى « **ـ ـَات** » گە قوشۇلۇشى:

ئەگەر **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئالامىتى پەتھە بىلەن كەلگەن (شەددىلىك كەلگىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ياكى سۈكۈنلۇق كەلگەن ھەرپ بولسا، ئۆزگەرتىلىپ « آ » قىلىپ يېزىلىدۇ؛ **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى دەممىلىك ياكى كەسىرلىك ۋە ياكى ھەر خىل سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلگەن ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** ئەسلىدىكى يېزىلىش شەكلىدىن ئۆزگەرمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭ كەينىگە « **ـ ات** » لا قوشۇلىدۇ:

– **مِرْآتٌ، مُخَبَّآتٌ ، مُرَمَّآتٌ، تَنَبُّؤَاتٌ، دَافِئَاتٌ، مِئَاتٌ، فِئَاتٌ، رِئَاتٌ، اِنْشَاءَاتٌ، مَخْبُوءَاتٌ، بَرِيئَاتٌ، بِيئَاتٌ**

(7) **اَلْيَاءُ** شەكىللىك ئەلىف (ـَ ى) بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى:

**اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكىسى دەممىلىك ھەرپ بولسا، **اَلْهَمْزَةُ ، اَلْوَاوُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ، ئاندىن **اَلْيَاء** شەكىللىك ئەلىفكە قوشۇلىدۇ؛ **اَلْهَمْزَةُ** ئالدىدىكىسى سوزۇلما پەتھەلىك ھەرپ بولسا **اَلْهَمْزَةُ** مۇستەقىل يېزىلىپ ئاندىن **اَلْيَاءُ** شەكىللىك ئەلىفكە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلىرىدا **اَلْهَمْزَةُ** ئاساسەن **اَلأَلِفُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **ظَمْأَى ، بُطْأَى ، جُرْأَى ، رُؤًى ، مِأًى ، مُرْتَأًى ، مَنْأًى ، مَرْأًى ، شَأًى ، جَأًى ، رَأًى ، اِشْتَأًى ، شَاءَى ، تَصَاءَى ، تَرَاءَى ، أَنْأَى، يَصْأًى ، تَرَأًّى ، يَجْأًى ، رَاءَى**

(8) ئېنىقسىز ھالەت، ئەرلىك جىنسىي تۇر،ئاخىرى تۈرلىنىدىغان ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش ئالامىتى « ـً ا » بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى:

ـ ئادەتتە **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ كەينىگە نونلاشقان **اَلأَلِفُ ( أَلِفُ التَّنْوِينِ )** بىۋاستە قوشۇلىدۇ:

– **جُزْءًا، ضَوْءًا، قَارِئًا، خَاطِئًا ، مُبْتَدِئًا ، مُنْشِئًا ، مَقْرُوءًا ، نُبُوءًا ، نُتُوءًا ، لُؤْلُؤًا ، بُؤْبُؤًا ، تَنَبُّؤًا ، تَبَوُّءًا ، تَضَوُّءًا**

مۇنۇ ئەھۋالدا **اَلْهَمْزَةُ** باش كېلىشتە ئايرىپ يېزىلىدۇ، چۈشۈم كېلىشتە، قوشۇلۇپ **اَلْيَاءُ** ئۈستىگە يېزىلىپ، ئاندىن نونلاشقان **اَلأَلِفُ** قوشۇلىدۇ:

– **عِبْءٌ – عِبْئًا ، شَيْءٌ – شَيْئًا ، سَيِّءٌ – سَيِّئًا ، دِفْءٌ –دِفْئًا ، جُزَيْءٌ –جُزَيْئًا ، بَطِيءٌ – بَطِيئًا**

تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالدا ئىككى **اَلأَلِفُ** دىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرلىكتە يېزىلىدۇ. **اَلْهَمْزَةُ** دىن كېيىن نونلاشقان **اَلأَلِفُ** يېزىلمايدۇ؛

**اَلْهَمْزَةُ، اَلأَلِفُ** نىڭ ئۈستىگە يېزىلغاندا:

– **مُبْتَدَأٌ – مُبْتَدَأً ، نَبَأٌ – نَبَأً ، مَرْأٌ – مَرْأً ، رَشَأٌ – رَشَأً ، نَشْءٌ – نَشْأً ، بَدْءٌ – بَدْأً**

**اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدا سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلىگۈچى **اَلأَلِفُ** بولسا:

– **مَاءٌ – مَاءً، سَمَاءٌ – سَمَاءً، أَنْبَاءٌ – أَنْبَاءً ، رِدَاءٌ – رِدَاءً ، نَشَاءٌ – نَشَاءًا ، بِنَاءٌ – بِنَاءً**

3 ـ سۆز ئاخىرىدىكى **اَلْهَمْزَةُ (اَلْهَمْزَةُ الْمُتَطَرِّفَةُ)**

1) **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۈكۈنلۈق بولسا، **اَلْهَمْزَةُ** مۇستەقىل يېزىلىدۇ:

– **اَلْمَرْءُ اَلْجُزْءُ، اَلضَّوْءُ، اَلشَّيْءُ – دِفْءٌ ، عِبْءٌ ، نَشْءٌ بَدْءٌ – نَاءٌ ، سَمَاءٌ ، أَنْبَاءٌ ، بِنَاءٌ**

– **مَقْرُوءٌ، نُتُوءٌ ، نُبُوءٌ ، نُشُوءٌ – يَجِيءُ ، يَقِيءُ ، بَطِيءٌ ، بَرِيءٌ**

2) **اَلْهَمْزَةُ** ئالدىدىكى ھەرپنىڭ سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا **اَلْهَمْزَةُ** ئاشۇ ھەرپنىڭ بەلگىسىگە مۇناسىپ كېسەل ھەرپنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ؛

(1) **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پەتھەلىك بولغىنىدا **اَلْهَمْزَةُ ، اَلأَلِفُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **خَطَأٌ – خَطَأً – خَطَإٍ ، اَلْخَطَأُ – اَلْخَطَأَ – اَلْخَطَإِ ، مُبْتَدَأٌ – مُبْتَدَأً – مُبْتَدَإٍ ، اَلْمُبْتَدَأُ – اَلْمُبْتَدَأَ – اَلْمُبْتَدَإِ ، قَرَأَ – يَقْرَأُ – اِقْرَأْ ، نَشَأَ – يَنْشَأُ – اِنْشَأْ**

(2) **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ دەممىلىك بولغىنىدا **اَلْهَمْزَةُ، اَلْوَاوُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **لُؤْلُؤٌ – لُؤْلُؤًا – لُؤْلُؤٍ ، اَللُّؤْلُؤُ – اَللُّؤْلُؤَ – اَللُّؤْلُؤِ، تَهَيُّؤٌ– تَهَيُّؤًا – تَهَيُّؤٍ ، اَلتَّهَيُّؤُ – اَلتَّهَيُّؤَ –اَلتَّهَيُّؤِ**

– **تَوَاطُؤٌ – تَوَاطُؤًا – تَوَاطُؤٍ ، اَلتَّوَاطُؤُ – اَلتَّوَاطُؤَ – اَلتَّوَاطُؤِ ، جَرُؤَ – يَجْرُؤُ – أُجْرُؤْ ، وَضُؤَ – يَوْضَؤُ – أُوْضُؤْ**

(3) **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسىرلىك بولسا، **اَلْهَمْزَةُ، اَلْيَاءُ** ئۈستىگە يېزىلىدۇ:

– **قَارِئٌ – قَارِئًا – قَارِئٍ ، اَلْقَارِئُ – اَلْقَارِئَ– اَلْقَارِئِ – نَوَاشِئُ– نَوَاشِئَ – النَّوَاشِئِ – مُنْشِئٌ – مُنْشِئًا – مُنْشِئٍ – اَلْمُنْشِئُ – اَلْمُنْشِئَ – اَلْمُنْشِئِ**

– **سَيِّئٌ – سَيِّئًا – سَيِّئٍ ، اَلسَّيِّئُ –اَلسَّيِّئَ – اَلسَّيِّئِ – بَرِئَ ، يَسْتَهْزِئُ ، اِسْتَهْزِئْ**

(4) **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ دەممىلىك تەكرارلانغان **اَلْوَاوُ** بولسا **اَلْهَمْزَةُ** مۇستەقىل يېزىلىدۇ:

– **تَبَوُّءٌ – تَبَوُّءًا – تَبَوُّءٍ ، اَلتَّبَوُّءُ – اَلتَّبَوُّءَ – اَلتَّبَوُّءِ – تَضَوُّءٌ – تَضَوُّءًا – تَضَوُّءٍ ، اَلتَّضَوُّءُ – اَلتَّضَوُّءَ – اَلتَّضَوُّءِ**

3) سۆز ئاخىرى تۇرلەنمىدىغان، ئېنىقسىز ھالەت، چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ يېزىلىشى ( «ئېنىقسىز ھالەت، ئەرلىك جىنسىي تۇر ئاخىرى تۇرلەنمىدىغان ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش ئالامىتى « ًا » بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى» دېگەن بۆلەكتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىڭ)

4) **اِمْرِئٌ** سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى **اَلْهَمْزَةُ**، بۇ سۆز ئوخشىمىغان گىرامماتىكىلىق ئورۇندا كەلگەندە ئۇنىڭدىكى **اَلرَّاءُ** نىڭ تەلەپپۇزى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ يېزىلىشمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ يېزىلىشى سۆز ئاخىرىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ يېزىلىش قائىدىسىگە ماس كېلىدۇ.

– **هَذَا اُمْرُؤُ الْقَيْسِ** . بۇ ئۇمر قەيس. **هَذَا دِيوَانُ امْرِئِ الْقَيْسِ** . بۇ ئۇمر قەيسنىڭ دىۋانى (شېئىر توپلىمى)

– **إِنَّ امْرَأَ الْقَيْسِ شَاعِرٌ عَرَبِيٌّ مَشْهُورٌ**. ئۇمر قەيس مەشھۇر ئەرەب شائىرى.

5) بۇيرۇق پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** ، ئەسلىي پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپ

**اَلأَلِفُ** چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولسا، ئۇنىڭ يېزىلىشى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** نىڭ يېزىلىش قائىدىسى ئاساسىدا بولىدۇ: **– نَأَى – يَنْأَى – اِنْأَ ، أَنْأَى – يُنْئِى – أَنْئِ**

6) سۆز ئاخىرىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** باشقا كېسەل ھەرپتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا، توختىغاندا ئوقۇلمايدۇ، يېزىلمىسىمۇ بولىدۇ: **– أُقَدِّمُ اِلَيْكُمْ أَرَقَّ ا لتَّهَانِى ( اَلتَّهَانِئ )** . سىلەرگە ئەڭ يېقىملىق تەبرىكلەرنى يوللايمەن.

أَ **( هَمْزَةُ الاِسْتِفْهَامِ )**

«أ» - يەنى سوئال ئۇلانمىسى **اَلْهَمْزَةُ** («أَ» **لِلاِسْتِفْهَامِ**) : بۇ-بىر خىل سوئالنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىدۇر، ئۇ پەتھەگە قاتقان، ئۇ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ ،جۈملىدە گىراماتىكىلىق ئورنى بولمايدۇ ، « **هَلْ** » بىلەن مەنىداش بولۇپ «... مۇ ؟» دېگەن سوئال ئۇلانمىسى مەنىسىدە كېلىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ قوللىنىلىشى « **هَلْ** » بىلەن بىر ئاز ئوخشىمايدۇ كونكرېت پەرقلىرى توغرىسىدا 26ـ بابدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىڭ.

I . سوئال ئۇلانمىسى « أ » مۇھىم قوللىنىشى

1ـ پېئىللىق جۈملە ياكى ئىسىملىق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلەلەيدۇ:

1) پېئىللىق جۈملە ئىچىدىكى بولۇشلۇق جۈملىدە كېلەلەيدۇ:

– **أَتَنْتَظِرُ أَحَدًا** ؟ سەن بىر كىشىنى كۈتۈۋاتامسەن؟

– **أَ ذَكَّرَكَ أَحْمَدُ بِالاِجْتِمَاعِ** ؟ ئەھمەد يىغىننى سىنىڭ ئېسىڭگە سالدىمۇ؟

– **أَ سَيُعَاوِدُنِى هَذَا الْمَرَضُ بَعْدَ فِتْرَةٍ** ؟ بۇ كېسەل بىر مەزگىلدىن كېيىن مەندە تەكرارلىنارمۇ؟

2) بولۇشسىز جۈملىدىمۇ كېلەلەيدۇ . كۆپۈنچە « **لاَ** ، **مَا** ، **لَمْ** » قاتارلىق بولۇشسىز قوشۇمچىلار بىلەن « **اَلاَ** ، **أَمَا** ، **أَلَمْ** » قاتارلىق شەكىللەردە كېلىپ «...مامدۇ ؟ ، ...مىدىمۇ ؟ » دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ:

– **اَلاَ تَشْعُرُ بِالْغَبْنِ** ؟ سەن ئالداشنى ھېس قىلمامسەن؟ **أَمَا دُقَّ الْجَرَسُ** ؟ قوڭغۇراق چېلىنمىدىمۇ؟

– **أَلَمْ تُدْرِكْ سِرَّ هَذِهِ** ؟ سەن بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ يەتمىدىڭمۇ ؟

3) ئادەتتىكى ئىسىملىق جۈملە بىلەنمۇ كېلەلەيدۇ، «**اِنَّ**» بىلەن باشلانغان ئىسىملىق جۈملە ياكى تەتۈر ئىسىملىق جۈملە بىلەنمۇ كېلەلەيدۇ:

– **أَأَنْتَ مُوَافِقٌ** ؟ سەن قوشۇلغانمۇ ؟ **عَجَبًا ! أَهُوَ فِى هَذِهِ الْحَقِيبَةِ** ؟ ئەجەبا، ئۇ بۇ سومكىنىڭ ئىچىدىمۇ؟

– **أَ فِى حُجْرَةِ الدَّرْسِ طَالِبٌ** ؟ دەرسخانىدا ئوقۇغۇچى بارمۇ؟ **أَ اِنَّ خَالِدًا عَامِلٌ** ؟ خالىد ھەقىقەتەن ئىشچىمۇ؟

2. شەرت ـ پەرەز جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ

1) بىر پۈتۈن شەرت ـ پەرەز جۈملىگە سوئال قويۇلغاندا ،شەرت جۈملە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى لازىم.

– **أَأَيْنَمَا أَذْهَبْ تَذْهَبْ** ؟ مەن نەگە بارسام، سەن شۇ يەرگە بارامسەن؟

– **أَ مَنْ يَجْتَهِدْ يَنْجَحْ** ؟ كىم تىرىشسا، شۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنامدۇ؟

– **أَ لَوْ لاَ مُسَاعَدَتُكَ لَمَا نَجَحَ أَحْمَدُ فِى الاِمْتِحَانِ؟**

سىنىڭ ياردىمىڭ بولمىغان بولسا، ئەھمەد ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولارمىدى؟

– **أَلَوْ سَاعَدْتُكَ لَسَاعَدْتَنِى** ؟ مەن ساڭا ياردەم بەرگەن بولسام، سەن ماڭا ياردەم بەرگەن بولارمىدىڭ؟

– **أَ اِذَا نَزَلَ الْمَطَرُ تُسَافِرُ** ؟ يامغۇر ياغسا، سەن سەپەر قىلامسەن؟

2) ئەگەر جاۋاب جۈملىگە سوئال قويۇلغاندا، جاۋاب جۈملە شەرت جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىشى لازىم.

– أَتُسَافِرُ اِذَا نَزَلَ الْمَطَرُ ؟ يامغۇر ياغسىمۇ سەپەر قىلامسەن؟

[ دىققەت ] ئەرەب گىراماتىكا ئالىملىرى « تُسَافِرُ » نى شەرت جۈملىسىنىڭ جاۋاب جۈملىسىنىڭ ئالدىدا كېلىشى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى چۈشۈپ قالغان شەرت جۈملىنىڭ جاۋابى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ چۈشۈپ قالغان قىسمى «اِذَا نَزَلَ الْمَطَرُ» .

– أَتَصْطَافُ اِلَى شَاطِئِ الْبَحْرِ لَوْ يَشْتَدُّ الحَرُّ فِى الْعُطْلَةِ الصَّيْفِيَّةِ ؟

مۇبادا يازلىق تەتىلدە ئىسسىق قاتتىق بولىدىغان بولسا سەن دېڭىز بويىدا سالقىندامسەن؟

3. أَمْ بىلەن كېلىپ، ئىككى ياكى بىر قانچە ئىشنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللاش ياكى مۆلچەرلەشنى بىلدۈرىدۇ. قوللىنىلغاندا سوئال ئۇلانمىسى أ چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن مەنا ئۆزگەرمەيدۇ.

– أَحَقٌّ مَا أَرَى أَمْ سَرَابٌ ؟ مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم راستمۇ ياكى خىيالىي مەنزىرە (ئېزىتقۇ) مۇ؟

– أَ الشَّاىَ تُرِيدُ أَمِ الْقَهْوَةَ ؟ سىز چاي خالامسىز ياكى قەھۋەمۇ؟

– اَلسَّاعَةَ الثَّانِيَةَ تَجْتَمِعُ أَمِ السَّاعَةَ الثَّالِثَةَ ؟ بىز سائەت ئىككىدە يىغىلامدىمىز ياكى سائەت ئۈچتىمۇ؟

4. سوئال ئۇلانمىسى أ دىن كېيىن ئىسىملىق جۈملىنىڭ مۇبتەداسى چۈشۈپ قېلىش مۇمكىن، ئۇنى أَنْتَ دەپ قىياس قىلىشقا ياكى كونتېكىستكە ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ:

– أَحَاقِدٌ عَلَىَّ ؟ ( أَىْ أَأَنْتَ حَاقِدٌ عَلَىَّ ) سەن ماڭا ئاداۋەت ساقلىغۇچىمۇ؟

– عَبَّاسٌ ذَاهِبٌ. ئاbباس كەتتى. أَذَاهِبٌ ؟ ( أَىْ أَهُوَ ذَاهِبٌ ؟) (ئۇ) كەتتىمۇ؟

5. قايتۇرما سوراق جۈملىدە كېلىدۇ.

– اِنَّهُ لَمُدَرِّسٌ مِثَالِيٌّ، أَلَيْسَ كَذَلِكَ ؟ ئۇ ئۈلگىلىك بىر ئوقۇتقۇچى، ئاشۇنداق ئەمەسمۇ؟

– لاَ تَعْرِفُ أَيْنَ ذَهَبَتْ، أَهُوَ كَذَلِكَ ؟ سەن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيسەن، شۇنداقمۇ؟

6. سوئال ئۇلانمىسى أَ مَا (لاَ، لَيْسَ، لَمْ ) إِلاَّ ... كەلگەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى مۇمكىن:

– أَمَا تَأْتِى إِلاَّ رَاكِبًا الدَّرَّاجَةَ ؟ سەن پەقەت ۋېلسىپىت مىنىپلا كېلىسەن؟

– أَلَسْتَ اِلاَّ طَالِبًا ؟ سەن پەقەت بىر ئوقۇغۇچىمۇ؟

– أَلَمْ تَفْهَمْ اِلاَّ هَذَا السُّؤَالَ ؟ سەن پەقەت بۇ سوئالنىلا چۈشەندىڭ؟

7. سوئال ئۇلانمىسى أ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، سوئال قويۇلغان جۈملە باغلىغۇچى اَلْوَاوُ، اَلْفَاءُ ياكى ثُمَّ بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بولسا، بۇ أ بۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا يېزىلىدۇ.

– ﴿ أَوَلَمْ يَنْظُرُوا فِى مَلَكُوتِ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ... ﴾

**﴿ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىغا نەزەر سالمىدىمۇ؟﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 185 ـ ئايەت)**

– أَفَتَظُنُّ أَنَّ مَا تَدْفَعُ اِلَيَّ فِى كُلِّ شَهْرٍ أَحَبُّ اِلَيَّ مِنْ اِمْرَأَتِى ؟

سەن ماڭا ھەر ئايدا تاپشۇرغىنىڭنى، ماڭا نىسبەتەن ئايالىمدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك دەپ ئويلامسەن؟

– ﴿ أَثُمَّ اِذَا مَا وَقَعَ آمَنْتُمْ بِهِ آلآنَ وَقَدْ كُنْتُمْ بِهِ تَسْتَعْجِلُونَ ﴾

**﴿ ئازاب يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ سىلەر بۇرۇن ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغان ئىدىڭلار، ئەمدى ئىمان ئېيتامسىلەر؟﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 51 ـ ئايەت)**

– أَوَلَمْ تَحْفَظْ دَرْسَكَ؟ سەن دەرسىڭنى يادلىمىدىڭمۇ؟ – أَفَلَمْ يَسِيرُوا عَلَى سِيَاسَةٍ كَذَا؟ ئۇلار ئاشۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلمىدىمۇ؟

**(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل قادىر ھاجىم)**

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 9 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى

| | سېنتەبىر (9 ـ ئاي) | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | دۈشەنبە | 3:58 | 5:32 | 12:30 | 3:52 | 6:49 | 7:47 |
| 2 | سەيشەنبە | 3:59 | 5:33 | 12:30 | 3:51 | 6:47 | 7:45 |
| 3 | چارشەنبە | 4:00 | 5:34 | 12:30 | 3:50 | 6:46 | 7:44 |
| 4 | پەيشەنبە | 4:02 | 5:35 | 12:30 | 3:49 | 6:44 | 7:42 |
| 5 | جۈمە | 4:03 | 5:36 | 12:30 | 3:48 | 6:42 | 7:40 |
| 6 | شەنبە | 4:05 | 5:37 | 12:30 | 3:47 | 6:40 | 7:38 |
| 7 | يەكشەنبە | 4:06 | 5:39 | 12:30 | 3:46 | 6:38 | 7:36 |
| 8 | دۈشەنبە | 4:08 | 5:40 | 12:30 | 3:45 | 6:37 | 7:35 |
| 9 | سەيشەنبە | 4:09 | 5:41 | 12:30 | 3:43 | 6:35 | 7:33 |
| 10 | چارشەنبە | 4:10 | 5:42 | 12:30 | 3:42 | 6:33 | 7:31 |
| 11 | پەيشەنبە | 4:12 | 5:43 | 12:30 | 3:41 | 6:31 | 7:29 |
| 12 | جۈمە | 4:13 | 5:44 | 12:30 | 3:40 | 6:29 | 7:27 |
| 13 | شەنبە | 4:15 | 5:45 | 12:30 | 3:39 | 6:27 | 7:25 |
| 14 | يەكشەنبە | 4:16 | 5:46 | 12:30 | 3:38 | 6:26 | 7:24 |
| 15 | دۈشەنبە | 4:17 | 5:48 | 12:30 | 3:36 | 6:24 | 7:22 |
| 16 | سەيشەنبە | 4:19 | 5:49 | 12:30 | 3:35 | 6:22 | 7:20 |
| 17 | چارشەنبە | 4:20 | 5:50 | 12:30 | 3:34 | 6:20 | 7:18 |
| 18 | پەيشەنبە | 4:21 | 5:51 | 12:30 | 3:33 | 6:18 | 7:16 |
| 19 | جۈمە | 4:23 | 5:52 | 12:30 | 3:31 | 6:16 | 7:14 |
| 20 | شەنبە | 4:24 | 5:53 | 12:30 | 3:30 | 6:15 | 7:13 |
| 21 | يەكشەنبە | 4:25 | 5:54 | 12:30 | 3:29 | 6:13 | 7:11 |
| 22 | دۈشەنبە | 4:26 | 5:56 | 12:30 | 3:27 | 6:11 | 7:09 |
| 23 | سەيشەنبە | 4:28 | 5:57 | 12:30 | 3:26 | 6:09 | 7:07 |
| 24 | چارشەنبە | 4:29 | 5:58 | 12:30 | 3:25 | 6:07 | 7:05 |
| 25 | پەيشەنبە | 4:30 | 5:59 | 12:30 | 3:24 | 6:05 | 7:03 |
| 26 | جۈمە | 4:32 | 6:00 | 12:30 | 3:22 | 6:04 | 7:02 |
| 27 | شەنبە | 4:33 | 6:01 | 12:30 | 3:21 | 6:02 | 7:00 |
| 28 | يەكشەنبە | 4:34 | 6:02 | 12:30 | 3:20 | 6:00 | 6:58 |
| 29 | دۈشەنبە | 4:35 | 6:04 | 12:30 | 3:18 | 5:58 | 6:56 |
| 30 | پەيشەنبە | 4:37 | 6:05 | 12:30 | 3:17 | 5:56 | 6:54 |

**ئەسكەرتىش:** مەزكۇر جەدۋەلدىكى ۋاقىت ئۈرۈمچى ۋاقتى بولۇپ، ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.